‹‹جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى›› دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
‹‹شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى›› غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物




# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6
2011
新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ



شائىر، تەتقىقاتچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان

نەسرۇللا ئابلەت ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(60 - يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 - يىلى 6 - سان
(ئومۇمىي 312 - سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۇسۇپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## بەت بوسۇغىسى

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىگە ئاتلىنايلى.... 2


## ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

پۇل قاپچۇقى، تەڭگە ۋە گۈل ئۇرۇقى ................... ئابدۇقادىر جالالىددىن 4


## كارخانا مەدەنىيىتى

كىشىلىك ھايات «تىجارىتى» ...................... ئابدۇۋەلى مۇخپۇللا 7
كارخانىچىلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر ............ تۇرسۇن تەۋەككۈل 10


## تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ............ئىمىن ئەھمىدى (ت) 24


## ئاياللار ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى

ياپونىيەدىكى «ئىشسىز »ئانىلار ...................ئادىلە ئىسمائىل 31


## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن تارىخ ................ ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 43
ئەسىرنى يىغلاتقان بىر كۈن ................ ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر 56


## سەنئەت تەتقىقاتى

ئۇسسۇل تەرەققىياتىنىڭ ئارتىسلارغا بولغان تەلىپى ...........شەھىدە رىشات 61


## ئەدەبىيات گۈلزارى

مەن سېنى ئاكام دېيىتتىمغۇ....... (ھېكايە) ........ ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى 63


## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ................ ھەسەنجان يۇسۇپ قاتارلىقلار 73


## مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى

مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇننىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى ........ زۇنۇن باقى 77
تۇردى ئاخۇن ئاكا مىس ھەيكىلىنىڭ يارىتىلىشى ............ غازى ئەھمەد 78
ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «سەھرالىق ئاتا »ناملىق پوۋېستى
18- نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى »غا ئېرىشتى ............ 62


**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : بەگمەت يۇسۇپ**

# سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىگە ئاتلىنايلى

— «خەلق گېزىتى» باش ماقالىسى



سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى بىلەن ماس قەدەمدە بولۇشى شەرت.

ج ك پ 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە ئېچىلغان بۇ قېتىملىق مۇھىم يىغىندا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش تەكىتلەندى. بۇ، پارتىيەدىكى بارلىق يولداشلار، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك ئىشلارنى ئۈزۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمىي يىغىندا يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەت، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپىلىرى ئالدىدا، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل ئارمىيە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەتلەردە يېڭى تەرەققىيات، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، «12-بەش يىل»نىڭ تۇنجى قەدىمىنى ياخشى باشلاشقا پۇختا ئاساس سالدى.

ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «قارار»دا پارتىيەمىز رەھبەرلىك قىلغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە ۋە

**بەت بوسۇغۇسى**

تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، پۈتكۈل پارتىيەدىكى يولداشلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مۇجەسسەملەش ئاساسىدا يېڭى ۋەزىيەتتىكى مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، مۇھىم فاڭجېنى، نىشان-ۋەزىپىلىرى، سىياسەت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور تەدبىر. شەھەر، يېزىلارنى قاپلىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى ياكى مەدەنىيەت كەسپى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش بولسۇن، مەيلى دۆلەت ئىلكىدىكى تىجارەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ياكى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشلىنىشى بولسۇن، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق كۈچىنى روشەن ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ بەخش ئەتتى.

مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشتا قانداق يولدا مېڭىش، قايسى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت يۆنىلىش خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە جەزمەن ياخشى جاۋاب تېپىش شەرت. «قارار»دا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نىشان ئېلىمىزنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسى ۋە مول مەدەنىيەت بايلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇش نىشانى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان.

مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشتا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە جەزمەن چىڭ تۇرۇش شەرت. بۇ «بەشتە چىڭ تۇرۇش» مەدەنىيەت ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، تۈپ خاراكتېرى، تۈپ مەقسىتى، تۈپ تەلىپى ۋە تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىزنىڭ تۈپ مىزانى.

پارتىيە 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولىدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش زور ھەم تەخىرسىز سىياسىي ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىستراتېگىيە ۋە ئومۇمىيەتنى چىقىش قىلىپ، «قارار» دا بېكىتىلگەن نىشان، ئىستراتېگىيە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدبىرلەر بويىچە رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى-مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت شەكلى، ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقى، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك.


يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2011-يىلى 19-ئۆكتەبىردىكى سانىدىن ئېلىندى

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ مۇقاۋا ئىشلىگۈچى: گۈلزار ھېسامىدىن؛ ئىچ بەت ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: ئەكبەر داۋۇت تەنھا (تەكلىپلىك).

# پۇل قاپچۇقى، تەڭگە ۋە گۈل ئۇرۇقى*

ئابدۇقادىر جالالىددىن



شېئىر شائىرنىڭ تەرجىمىھالىدۇر، دېگەن ئېنىقلىما كىشىلەر ئارىسىدا خېلىلا ئومۇملاشقان. ھازىرغا قەدەر يازغان ھەم ئېلان قىلغان شېئىرلىرىمغا بىر رەت نەزەر سېلىپ چىققىنىمدىن كېيىن، مەزكۇر ئېنىقلىمىغا تەبىئىي رەۋىشتە قوشۇلۇپ كەتتىم. بىراق، شېئىر شائىرنىڭ روھىي تەرجىمىھالى دېيىلگەندە ھۆكۈم تېخىمۇ ئېنىق ئۇقۇم بېرىپ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىن بىۋاسىتە ئۇچۇر ئاڭلىتالايدىكەن، دەپ ئويلىدىم. «تەرجىمىھال» دېگەن سۆز «ئەھۋالنى بىلدۈرمەك»، «ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەك» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە، «ئەھۋال»، «ھال» دېگەن ئىبارىلەرمۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنساننىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي قالمايدۇ. ھالبۇكى، «تەرجىمىھال» دېگەن سۆز ئىنساننىڭ ئىچكى-تاشقى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇقتۇرۇشقا يېتەرلىك بولسىمۇ، زامانىمىز كىشىلىرى ئۇ سۆزنى كۆپرەك تاشقى ۋەقەلەر خۇسۇسىدا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلىنىپ كېتىشكەن، شۇ تۈپەيلى «شېئىر شائىرنىڭ روھىي تەرجىمىھالى» دېگەن ھۆكۈم شەكلىگە مايىل بولدۇم. بىر پارچە شېئىرنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن مەنىۋى نەرسىدۇر.

تەبىئەتنىڭ خۇلقلىرىغا بولغان شەيدالىق ۋە بۇ شەيدالىق ئىچىدىكى ھەيرانلىق مېنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى شېئىرلىرىمدىكى ئالاھىدىلىكنى تەشكىل قىلىپتۇ. ئىنسان بالىلىققا يېقىن بولغاندا، بارلىق رېئال نەرسىلەرنى تەبىئىي بىر شائىرلىق بىلەن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ. بالىلىقنىڭ فانتازىيەسى رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ تۈس-خاراكتېرىدە كۆرسىتىدۇ. كۆپ ھاللاردا شۇ كۆرۈلمىشلەرنى ئەينەن خاتىرىلەشمۇ شېئىرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. تەبىئەتكە بولغان رومانتىك تەشنالىقتىن تۇغۇلغان تەسەۋۋۇر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە روياپقا چىققان شېئىرلىرىمدا يارقىن چېلىقسا كېرەك، دەپ قارىدىم.

كېيىنچە مەن سىمۋولىزم ۋە ئىپادىچىلىك ئېقىمىدىكى شېئىرلارنىڭ تەسىرى بىلەن روھىمدىكى دۇنيانى كۆپرەك كۆرىدىغان ۋە ئۇنى قېزىشقا تىرىشىدىغان بولۇپ قالدىم. رېئاللىقنىڭ لوگىكىسى روھىمنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدا چۇل-چۇل بولۇپ سۇنۇپ، كىشىلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە يات شېئىرىي سىمالار مىسرالارنى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. بۇ مىسرالار روھىمدىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ بىۋاسىتە خاتىرىسى سۈپىتىدە ئېقىپ چىقىپ، يېزىقلارغا ئايلىناتتى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، تىل ۋە يېزىقلار بىلەن نازۇك مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىم ئارىسىدىكى ئارىلىق كۆپ ھاللاردا بەك يىراق بولۇپ چىقاتتىكى،

## ئۆيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش

لۇغەت فوندىمىزدىكى سۆزلەر گويا ئازلىق قىلغاندەك، گويا يەنە ئىجاد قىلىشقا تېگىشلىك تالاي سۆزلەر باردەك ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈمنى سۆزلەرنىڭ يېڭى تىزمىسىغا ئايلاندۇرغىچە مەندىكى قانچىلىغان چىنلىقنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن. دېمەك، شېئىر يېزىققا ئايلىنىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت، شېئىر يېزىش ئاشۇ مەۋجۇدىيەتنى يېزىقتىن ئىبارەت بۇ بەلگە ئارقىلىق كۆچۈرۈش بولسا كېرەك. شائىر ئۆزىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بۇ تەۋەككۈلچىلىكتە ھامان بىر مەغلۇبىيەتچى، ئۇ بىر پارچە شېئىرنى قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى تۈپەيلى ئامالسىز توختىتىدۇ، بەزىدە ئۇ ھەقىقىي يازماقچى بولغان شېئىرنى تېخى باشلىمىغاندەك تەسىراتتىمۇ بولىدۇ.

مەن مودېرنىزم ئېقىملىرىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ رىسالىلىرىنى ئازراق چۈشەنگەندىن كېيىن، نەۋائىينىڭ غەزەللىرىنى يېڭىباشتىن ۋاراقلىدىم، نەۋائىينىڭ ناۋالىرىدىكى ساماۋى يۈكسەكلىك، مەشرەپنىڭ مىسرالىرىدىكى ئارىفانە مەردانىلىق مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، مەن ھەر بىر قوۋمنىڭ شېئىرىي يۈكسەكلىكنى تېپىشتىكى يوللىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ھەر بىر يولدا ئۆزگىچە سەنئەتنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى شائىرلىرىنىڭ بىرلا شېئىرنى يېزىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. جالالىددىن رۇمىنىڭ «كۆڭۈل جەۋھەر، سۆز ھادىسە» دېگىنىدەك، پەرق پەقەت ھادىسىلەردە ئىكەن، ماھىيەت ئوخشاش ئىكەن.

چۈشەنسەم، بىز شېئىرىيەتكە ئىلاھىي مۇقەددەسلىك قاتارىدا ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلغان بىر ئەجدادنىڭ باللىرى ئىكەنمىز. قەلىمىمدە تەبىئەتكە بولغان مەپتۇنلۇق، ئىلاھىي يۈكسەكلىككە بولغان تېۋىنىش، تەقدىرنىڭ مۆجىزىلىرى ئالدىدا لال بولۇش، تىلسىملار ئالدىدىكى تەسلىمىيەت تەبىئىي ھالدا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى، گويا مەن ئەجدادلىرىم تۇۋلىغان مۇقامغا ئىختىيارسىز ھالدا قوشۇلۇپ كەتتىم. مەيلى مەن قايسى ناخشىنى ئوقۇي، قايسى خاھىشتا يورغىلاي تەقدىرنىڭ چوڭ قوتىنىدا خەلقىمنىڭ بىر ئەزاسىمەن. شېئىرلىرىمدا تەكلىماكاننىڭ تالاي ئەسىرلىك روھىغا قايتىش خاھىشى بارا ـ بارا روشەنلىشىشكە باشلىدى.

ئەجدادلىرىمىز دۇنيا ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە شېئىرىي يوسۇندا ئويلىنىپ كەلگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەتتىكى شەكىللەر دۇنيا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان دىيالوگنىڭ قاتلىمىغا مۇناسىپ ھالدا بارلىققا كېلىدۇ دېيىش مۇمكىن. شېئىرىيەت ئىقلىمىدىن تۆرەلگەن پەلسەپىمۇ دۇنيا ھەققىدىكى پىكىر ۋە سۆيگۈنىڭ ئەقلىي ئىزچىللىقىدۇر. ئىتالىيەلىك ئېستېتىكشۇناس ۋە تىلشۇناس ۋىكو (1668ـ 1744): «شېئىرىي جۈملىلەر ھېسسىيات ۋە ئىشقىي تەسىراتلار ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. پەلسەپىۋى جۈملىلەر بولسا پىكىر ۋە ئەقلىي يەكۈنىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قانچىكى ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولسا ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىنلاشقان بولىدۇ. شېئىرىي تىلغا كەلسەك، شېئىرىي تىل خاسلىقنى قانچىكى ئىپادىلەپ بېرەلىسە، شۇنچە يارقىن، ئىشەنچلىك بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنى بىر رىشتىگە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ بىر ئۇچى مەنىۋىيەتنىڭ ئەپسانە قۇتۇپىغا تۇتاشقان بولىدۇ، ھازىرقى زاماندىكى شېئىر يېزىش مەلۇم مەنىدە ئىنساننىڭ باللىقىغا خاس تەبىئىتىنى ئەسلەش ۋە سېغىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. رىشتىنىڭ يەنە بىر ئۇچى مەنىۋىيەتنىڭ ئەقلىي قۇتۇپىغا تۇتاشقان بولىدۇ، پەلسەپە دەل مۇشۇ قۇتۇپنىڭ مېۋىسى. بىز بۇ ئىككى قۇتۇپنى نىسبەتلەپ قارىساق، مەنىۋىيىتىمىزنىڭ ئەقلىي قۇتۇپىدىكى ھاسىلاتلارنىڭ بەكلا كەملىكىنى بايقايمىز. بىر مىللەت چىنلىقنى ئىزدەشنىڭ ھەممە يوللىرىدا ئۆزىنىڭ بەركامالliقىنى يارىتالىغاندىلا، ئۆزىگە خاس بىلىشنىڭ پۇختا، سەلتەنەتلىك ئىمارەتلىرىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز مەنىۋىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپتۇ، قولىمىزغا تەگكەنلىرىدىن قارىغاندا، نەزەرىيەگە ياتىدىغان ئەقلىي سەمەرىلەر ناھايىتى ئاز بولۇپتۇ. بىز ياشىغان بۇ دەۋر بىزنىڭ راتسىيونال (ئەقلىي) ئىزدىنىشلەرگە ئېتىبار بېرىشىمىزنى كۈچلۈك تەقەززا قىلاتتى. مېنىڭ كىشىلەر ناھايىتى ئاز ماڭغان، مۇشكۈلاتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان ئاشۇ چىغىر يولدا مېڭىپ، ئۇنى كىشىلەر راۋان ماڭالايدىغان داغدام يولغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك رول ئويناش ئىستىكىم ئويغىنىشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ماقالە يېزىشقا باشلىدىم، ئاز ـ تولا ئەقلىي مۇھاكىمە تۈسىگە ئىگە يازمىلىرىم ئوقۇرمەنلىرىمدە پىكرىي تەشنالىق پەيدا قىلغاندەك بولدى. مەن بىر تەرەپتىن پەلسەپە ئۆگەندىم، ئەتراپىمدىكى ئىشلارنى پەلسەپىۋى

كۆزىتىشكە تىرىشتىم، يەنە بىر تەرەپتىن كىلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، پەلسەپە ساھەسىدە مۇئەييەن كەيپىيات يارىتىشقا ئۇرۇندۇم. شۇنىسى ئايانكى، بۇگۈنكى تاراتقۇلىرىمىزدا پەلسەپىلىك قەلەم تاۋۇشلىرى دىققىتىمىزنى خېلىلا تارتىدىغان بولۇپ قالدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەن ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ نەزىرىدە «ماقالىچى» بولۇپ قالدىم، ئەقلىي چۇقانلىرىم ئۆكسۈمەي ئېقىپ تۇرۇۋاتقان شېئىرىيەت دەريايىمنىڭ نەرىسىنى كىشىلەرنىڭ زېھنى قۇلاقلىرىدىن خالىي قىلىپ قويغاندەك بولدى. مەيلى مەن نەزەرىيە كىتابلىرىنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك بولاي، مەندە تاگورنىڭ شېئىرلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان سەبىيلىك، مۇھەممەد يۈسۈپ شېئىرلىرىدىكى چاڭقاقلىق، يۇنۇس ئەمرە شېئىرلىرىدىكى مىستىك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرۈۋەردى. مەن ئۇچۇن ماتېماتىكا، بوتانىكا ياكى ئارخېئولوگىيەگە دائىر نەزەرىيەۋى بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇش شېئىر بەخش ئەقلىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە شېئىر يازمىساممۇ، شائىردەك ياشىدىم.

بىر پارچە شېئىرنى شائىرنىڭ تۇرمۇش ئورامىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، مېنىڭ شېئىرلىرىم بەزىدە مىستىك مەۋھۇملۇقتا، بەزىدە تىل مەجنۇنلۇقىدا، بەزىدە مۇراجىئەت مەغرۇرلۇقىدا، بەزىدە شەكىل پەرىشانلىقىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. بەزى كۆزەتكۈچىلىرىم بۇ ھالنى ئەنئەنىۋى شېئىر بىلەن گۇڭگا شېئىر ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىپ يۈرۈش ھادىسىسى سۈپىتىدە چۈشەندى. شائىر بىر خىل ئۆزلۈكىنىڭ بوسۇغىسىدا ئۇزاق تۇرالمايدۇ، ئۇنى پەرىشان كويغا سالىدىغىنى ئۇسلۇب ۋەسۋەسىسى ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنى ئىپادىلەش باسقۇچلىرىدىكى نېيترال روھىي ھالەت. شەكىللەر ئىرادەمگە بىقىنمايدۇ، ئىرادەم مەن بىلمەيدىغان غەيرىي كۈچ ھالىتى. مەن يازىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋەككۈلچىلىك. بەزىدە مېنىڭ شېئىرلىرىمدىكى گۈزەللىك سۆزلەرنىڭ تەرتىپكە كىرىشىدىكى رىتىمگە ۋە قاپىيەلەرگە جايلىشىشى مۇمكىن. بەزىدە شېئىرىي تىل شېئىرىي تۇيغۇنى مەنبە قىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، بەزىدە شېئىرىي تىل ئۆزىنىڭ بايان قۇرۇلمىسىنى كەسكىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شېئىرىي تۇيغۇغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. سۆزلەر ئارىسىدا ئاپتوماتىك شېئىرىي قۇرۇلما يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ئاپوللىنار، پاز قاتارلىق شائىرلار سۆزلەرنى تەشكىللەشتە ھەمىشە ئويلىمىغان يېرىمىزدىن چىقىپ، بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەسلىدىمۇ ھەر بىر سۆز شېئىرغا قاراپ ئاققان سەييارە.

مەن ماقالە يازغاندا ياكى ئوقۇغاندا، بىر باسقۇچلۇق ئەقلىي ئەمگەكلەرنى تاماملىغاندا، ئىپادىلەشكە تېگىشلىك قانداقتۇر مۇھىم بىر نەرسىنىڭ يۈرىكىمدە قېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن، پەممىچە ھەر قانداق ئەقلىي فورما ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايتتى. ئۇ دەل شېئىر بولۇپ، ئۇنى قەلبىدىن باشقا قاچىغا ئالغىلى بولمايتتى. قەلب ھەر قانداق قائىدە ۋە شەكىلگە چۈشمەيدىغان ئۆزگىچە چىنلىق. پۇل، تېخنىكا، بيۇروكراتىزم ئەقىدىلىرى ئەۋج ئالغانسېرى بىز ئاددىي-ساددا قەلبكە شۇنچە موھتاج بولىمىز-دە، بىر تۇپ كۆك يانتاقتىنمۇ قەلب ئىزدەپ، تەبىئەتنىڭ شۇ ياۋا سەمەرىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپىمىز.

شېئىر ئىنسانىنىڭ قەلبىنى بىر تىيىنغا ئالمايدىغان جەمئىيەتنىڭ قېلىن تاملىرىدا ئۈنگەن ياۋاگۈل. شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ پۇل قاپچۇقىنى بانكا كارتىلىرى بىلەن ئەمەس، گۈل ئۇرۇقلىرى بىلەن تولدۇرىدىغان كىشىلەر. ھەقىقىي بىر پارچە شېئىر ئىنسانىنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى ھەر قانداق ئىنكارنى ئىنكار قىلالايدۇ.

مەن شېئىرلىرىمنى ئۇلارنىڭ يېزىلغان يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەپ، كىتابخانلىرىمغا سۇندۇم. ئەمما، بۇ شېئىرلار توپلىمىنى يىلنامە قاتارىدا كۆرگىنىم ئەمەس. مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم شېئىرىيەتكە تەتقىقات نەزىرى بىلەن يۈزلىنىدىغان كىشىلىرىمىزگە بەلگىلىك خىروستوماتىسيەلىك ئالامەتلەرنى قالدۇرۇش. شېئىرلىرىمدىن كىشىلىك دۇنيانىڭ ئورتاق تەسىراتىغا ئايلىنالايدىغان نەرسىلەر چىقامدۇ-يوق، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بىر كىشىلىك تەسىراتىم.

2011-يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

* بۇ يازما ئاپتورنىڭ نەشرىدىن چىققۇسى «قىشتىكى خامان»ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا يازغان ئىلاۋىسى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى.



# كىشىلىك ھايات «تىجارىتى»

ئابدۇۋەلى مۇخپۇللا

ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدا، كىشىلىك ھايات «تىجارەت»كە سالغىلى بولىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىنىڭ بىرسى، ياكى «مەبلەغ» قىلىپ سالغىلى بولىدىغان كاپىتالدۇر. كىشىلىك ھايات «تىجارىتى»نىڭ ئاخىرقى نىشانى بولسا، ئەڭ تۆۋەن تەننەرخ بىلەن ئەڭ يۇقىرى ھاياتلىق قىممىتى ئۈنۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. كىشىلىك ھايات ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن جىسىم ساغلاملىقى (ماددىي ئاساس)، ھاياتلىق ۋاقتى (زامان ئاساسى) ۋە ئىدىيە بوشلۇقى (مەنىۋى ئاساس) قاتارلىق ئۈچ چوڭ دەسمايىدىن تەركىب تاپىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ ماددىي ئاساسى بولسا، كىشىلىك دۇنيادىكى يېڭى ھاياتلىقنىڭ ئاپىرىدە بولغىنىدىن باشلاپ، ئاخىرەتكە يۈزلەنگەن ئاخىرقى تىنىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەدەن جىسمىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى، كۆپىنچە ھاللاردا كونكرېت ھالەتتە، ئادەم بەدەن كۆلىمىنىڭ بۆشۈكتىن جىنازىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ زامان ئاساسى بولسا، مەلۇم شەخسكە نىسبەتەن، شۇ شەخسنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىل، ئاي، ھەپتە، كۈن، سائەت، مىنۇت، سېكۇنت قاتارلىق ۋاقىت ئۆلچەملىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن مەۋجۇتلۇق جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى كۆپىنچە ھاللاردا كونكرېت ھالەتتە، قايسى ئەسىردە، نەچچە ياش ياشىدى دەپ ھېسابات قىلىنىدۇ، ھەم نورمال ھالەتتە كىشىلەرنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا، تۆرەلگەن ئىنسان مەيلى قانچە ۋاقىت بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقنى ساقلىسۇن، ئۇ چوقۇم پەقەت مەلۇم تارىخىي دەۋر جەريانىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر بۆلىكىگىلا تەۋە بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولسا، كىشىلەردىكى (ئىنسانلارغا ئالاھىدە ئىنئام سۈپىتىدە ئاتا قىلىنغان ئەقىل-ئىدراكتىن ئىبارەت) روھىي ئامىلىنىڭ ھاياتلىق داۋاملاشقان جەرياندا (مۇئەييەن مەدەنىيەت ماكانىدا) ئىگە بولغان ۋە ياكى ئىنكاس قىلغان بارلىق تەپەككۇر ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ھالەتتە، ئادەم مېڭىسى بوشلۇقىدا بىرتەرەپ قىلىنغان ئۇچۇرلار ئىدىيە دېيىلىدۇ. ئىدىيە كىشىلىك ھايات «تىجارىتى»گە سېلىنىدىغان ئۈچ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىل بولۇپ، ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق ئۈنۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنداقلا كىشىلىك ھايات «تىجارىتى» قىلىشتىكى ئەڭ توغرا بىرتەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ھالقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىدۇر.

كىشىلەر پۈتكۈل ھاياتلىق جەريانىنى «تىجارەت»كە سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەبلەغ ياكى سەرمايە قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ئۆز مۇھىتىدا بىۋاستە قوزغاتقىلى بولىدىغان، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېنىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ، ئېنىق بىلگەندىمۇ چوقۇم كونكرېت بىلىشى زۆرۈر. بۇ مەنبەلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ھاياتلىق ۋاقتىنى كونكرېت چۈشىنىش. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش ۋاقتى ئۆلچەملىرىگە ئاساسلانغاندا ، نورمال ھالەتتە، كىشىلەر بۇ دۇنيالىقتا 80 ياش ياشايدۇ. كۆپىنچە بۇ 80 ياش 0~20 ياشقىچە بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۆگىنىش ۋاقتى،

## كارخانا مەدەنىيىتى

20~60 ياشقىچە بولغان خىزمەت قىلىش ۋە تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش ۋاقتى، 60~80 ياشقىچە بولغان ياشىنىش ۋە كۈتۈنۈش ۋاقتى دەپ ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 20~60 ياشقىچە بولغان 40 يىل كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسلىق ۋاقىت دەسمايىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ 40 يىل ۋاقىت كېچە-كۈندۈز ۋە پائالىيەت مەزمۇنى بويىچە تەقسىم قىلىنسا، ئوتتۇرىچە ھېسابتا بىر ئادەمنىڭ ياشلىق ھاياتىدا كېچىلىك ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىشقا 20 يىل ، كۈندۈزلۈك خىزمەت قىلىشقا ۋە تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىشكە 20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئالاقىدار تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا كۈندۈزلۈك 20 يىل خىزمەت ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى ۋاقتى يەنە نوقۇل ئىشخانىدا (دۇكان ياكى ئېتىزلىقتا) خىزمەت ۋاقتى 12 يىل(164160 سائەت)، تاماق يېيىش ۋە ھاجەت ۋاقتى 3.5 يىل(30240 سائەت)، جىمجىت ئولتۇرۇپ ياكى بىكار ئۆتكۈزگەن ۋاقتى 3 يىل (25920 سائەت)، تېلېفوندا (مۇقىم تېلېفون ۋە يانفوندا) سۆزلەشكەن ۋاقتى 2 يىل(17280 سائەت)، ئويۇن-تاماشا قىلغان ۋاقتى 0.5 يىل (4320 سائەت ) دەپ كونكرېت تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن 80 يىل ۋاقىتنى ھەر يىل 365 كۈن دەپ ھېسابلىغاندا، جەمئىي 29200 كۈن بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇخلاپ ئارام ئالغان ۋاقىت ۋە ئادەملەرنىڭ 3 ياشتىن بۇرۇنقى خاتىرىسى يوق ۋاقىتنى چىقىرىۋەتسەك، ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ھېسابتا بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ۋاقتى 20 مىڭ كۈن بولىدۇ. دېمەك مۇشۇ ھېساباتلاردىن كىشىلىك ھاياتتىكى ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ۋاقىت بايلىقىنىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن قانداق ئەھمىيەتتە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. ماددىي ۋە مەنىۋى سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش. ماددىي سالامەتلىك نۇقتىسىدا ئۆزىنىڭ بوۋاقلىقتىن ياشىنىشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى قايسى جەرياندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەرقايسى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى، كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەك ۋە ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىنى، كېچىلىك ئۇيقۇ ۋە كۈندۈزلۈك ھەرىكەت ئەھۋالىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئوبدان ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت ياكى ئۆگىنىش قاتارلىق جەريانلاردا ئۆزىنىڭ جىسمانىي سەرپىياتىنىڭ — بەدىنىنىڭ خوراش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. زېھنىي ئىقتىدارى جەھەتتە، ئۆزىنىڭ كۆرۈش، سۆزلەش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنىڭ نورماللىقىغا باھا بېرىش، ئۆزىنىڭ قايسى جەھەتلەردە تۇغما تالانت خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزىتىش ۋە ئۆزىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىغا ئاساسلىنىپ پىسخىكىلىق ھالەتلىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا، جىنس نۇقتىسىدا ئەر ياكى ئايال بولسا، ئۆزىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك خاراكتېرىنى چۈشىنىش، شۇنداقلا ئۆزى ياشىغان ئائىلە، قوۋم، جەمئىيەت ۋە خەلق مۇھىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە بىر ئۆمۈر ياشايدىغان ماكانىنى بىلىش. كىملىك مەسىلىسى ئىرق، ئېتنىك، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن چېتىلىدۇ. خەلقىمىز ياشىغان تارىخىي دەۋرلەر ۋە ماكانلاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزنالار، كۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت تەسىراتلىرى ۋە ئىرسىيەت تەتقىقات يەكۈنلىرى، ھەرقايسى جەمئىيەت ئەزالىرىمىزنىڭ ئىرق، ئېتنىك ۋە ئېتىقاد نۇقتىسىدىكى سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ماكان بولسا كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئېرىشكەن ۋاقتى دائىرىسىدىكى ھاياتلىق پائالىيىتى باشتىن-ئاخىر داۋاملىشىدىغان جۇغراپىيەۋى بوشلۇقتۇر. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان XXX-يىلى XXXدېگەن يەردە تۇغۇلۇپ، XXX-يىلى XXXدېگەن يەردە ۋاپات بولدى دېگەن خەتلەردىكى يەر نامىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ماكانى ۋەتەن دېيىلىدۇ. ھاياتلىق «تىجارىتى» قىلىشتا، ھاياتنى «تىجارەت»كە سالغۇچى بىر ئۆمۈر ھاياتلىق پائالىيىتى يەرشارىدىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر ھاياتلىق بوشلۇقىنىڭ قايسى قىتئەسىدە، قانداق ئىقلىمدىكى قايسى يۇرتتا ياشايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ياشاش ماكانىنى كونكرېت چۈشىنىش شۇ كىشىنىڭ ھاياتلىق «تىجارەت» نىشانىنى، ئوبيېكتىنى ۋە «تىجارەت» مەزمۇنىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلقىمىزگە نىسبەتەن، ھاياتلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان ماكانلار كۆپىنچە ھاللاردا قەدىمكى كەڭ مەنىدىكى ئورخۇن دائىرىسىدىن بۈگۈنكى تارىم ئويمانلىقى، ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە شەرقتىكى خېشى كارىدورىغىچە بولغان جۇغراپىيەۋى بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ، كۈنىمىزدە يۇرتىمىزنىڭ ئىقلىمى چوڭ جەھەتتىن قارا قۇرۇم، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى قۇرغاق رايون كىلىماتىدىكى بوستانلىقلارنىڭ نەپەس بوشلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتلىق «تىجارىتى»دىكى سورۇنىنىڭ كۆپىنچە ھالەتتە، يەرشارىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىنىڭ مەلۇم بىر شەھەر ياكى ناھىيە (ياكى يېزا، كەنت) دەپ ئاتىلىدىغان مەمۇرىي بۆلىكىدە باشلىنىپ، ھەم ئومۇمەن ئەھۋاللاردا شۇ بۆلەكتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى

بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا كىشىلىك ھايات «تىجارىتى»دە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ پۈتۈن «تىجارەت» پائالىيىتى جەريانىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق پىرىنسىپلار قايسى؟ قەدىمدىن كۈنىمىزگە قەدەر، ئەل ئىچىدىن سىرتىغىچە بولغان كىشىلىك ھايات بوشلۇقلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات «تىجارىتى»نى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەرگە يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

1. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى سىجىل تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش. ئەڭ ئاۋۋال سالامەتلىكنى يۈكسەك دەرىجىدە ئاسراش، كۈندىلىك بەدەن قۇۋۋەت سەرپىياتىنىڭ ئىمكان بار كۈندۈزلۈك ۋاقىتلاردا بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئېلېكتىرگە ياكى سۈنئىي يورۇققا تايىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ زىچلىقىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش. ئوزۇقلىنىش ۋە كۆتۈنۈش جەھەتتە ئىمكان بار يەرلىك ئەنئەنە، تەبىئىي رېتسېپ ۋە پەرھىزلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئۆرپ-ئادەتتە چەكلەنگەن يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەردىن خالىي بولۇش. تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ھالەتتە بەدەن چېنىقتۇرۇش، بەدەننىڭ ئۆز قۇۋۋىتىنى نورمال جۇغلاش ۋە كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش. مەنىۋى ساغلاملىق جەھەتتە، ئالدى بىلەن كىشىلىك ئېتىقاد بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش؛ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ساختىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، توغرا يولدا مېڭىش، غۇرۇر بىلەن ياشاش؛ ئىنسان ماھىيىتىدىكى قورقۇنچ، ھورۇنلۇق قاتارلىق پسىخىكىلىق ئاجىزلىقلارنى يېڭىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىجىل تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىم ساپاسىنى ھازىرلىشى، ئىجادچانلىق ۋە تەسەۋۋۇرچانلىق ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى، پەن-تېخنىكا، تىل، مائارىپ ۋە ئالاقىدار قوللىنىشچان قوراللارنى پۇختا ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ .


2. تەننەرخنىڭ ئەڭ تۆۋەن، پايدىنىڭ ئەڭ زور بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش. بۇنىڭ ئىچىدە خۇشال چاغلارنى، ئۈمىدۋار چاغلارنى، تەرەققىيات تەۋەككۈلچىلىكىدىن ھوزۇرلىنىدىغان چاغلارنى كۆپەيتىش، ئۆز ئىندىۋىدۇئال تالانتىنى توغرا بايقاش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. توغرا يولدا، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە جەمئىيەت قانۇنى يول قويغان دائىرىدە ھاياتلىق «تىجارىتى» مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھايات «تىجارىتى»نىڭ قىممىتىنى ۋە تۆھپىسىنى ھەرگىز دىنىدا ۋە ھەققانىي قانۇندا چەكلەنگەن جىنايەت ئاساسىغا قۇرماسلىق، ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى مۇھىم كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاسراش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا داۋاملىق مەبلەغ سېلىپ تۇرۇش؛ شەخسىيەتچىلىك بىلەن جاھائەتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچان مەۋجۇتلۇق مېخانىزمىنى يېتىلدۈرۈش، ئادەمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنى ئۆز ھەرىكىتىدە تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش.

3. تارىخنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۆز دەۋرىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. تارىخنى داۋاملاشتۇرۇش يەككە گەۋدىلەر نۇقتىسىدا ئائىلە قۇرۇش، ئىرسىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش، پەرزەنت تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، كوللېكتىپ گەۋدىدە بولسا ئۆزلۈكنى ۋە خاسلىقنى ساقلاش، ئۆز ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمەت ئوبرازىنى، ئىرقىي ئوبرازىنى ۋە مىللىي ئوبرازىنى نامايەندە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. تارىخنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زامان ۋە ماكاننىڭ رىقابىتىدىن باش تارتماسلىق، ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىدا مېڭىش، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلىم - پەندە، ئىقتىسادتا ۋە سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش.

شۇنىسى ئۆزلۈكىدىن ئېنىقكى، ھەرقانداق كىشىلىك ھايات پەقەت تارىخنىڭ ناھايىتى كىچىك جەريانى خالاس. كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزىدە بار بولغان «تىجارەت» ئامىللىرىغا ئوخشىمىغان نۇقتىدا مۇئامىلە قىلىشى، شۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئاقىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ياكى «تىجارەت» پايدا قىممىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھايات «تىجارىتى»نىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۇنۇمى ياراتقان ئىگىسىنىڭ ھايات «تىجارىتى» بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئاتا قىلغان «تىجارەت» ۋاسىتىلىرىنى ۋە ئامىللىرىنى — ئامانىتىنى قانداق غۇبارسىز ساقلاش ۋە ئۇنىڭ قوۋمىگە بەخت-سائادەت بېغىشلاش رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، قانداق قىلىپ قوۋمىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىغا ئەڭ ياخشى ھاياتلىق ئۇنۇمىنى ھاسىل قىلىپ، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىغا ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىنىڭ ئامانەت ئاتا قىلىشى بىر خىل سىناق بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل سىناققا قانداق بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئەڭ يۈكسەك تىجارەت ئۇنۇمىنى ھاسىل قىلىش «تىجارەت»كە دەسمايە سالغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. ئۇنداقتا، شۇ تاپتا، ھاياتلىقتىكى دەسمايىڭىزنى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ، قەيەردە ۋە قانداق سەرپ قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى.



# كارخانىچىلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر

تۇرسۇن تەۋەككۇل

دۆلىتىمىز زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇزۇن سەپەرنى باشلىۋەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا دېڭىز بويىدىكى رايونلار تەرەققىيات ۋە كۆلەم جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلىپ، دۆلىتىمىزنى دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدە داڭلىق تىجارەتچى ۋە سودىگەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، رايونىمىزنىڭ سانائەتلىشىش قەدىمى ئاستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى. ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى قانداق قىلغاندا بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بازار رىقابىتىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلاپ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ كارخانىچىلىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە بارىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەر بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

## 1. تىجارەتچىلەر نېمىشقا كارخانىچىغا ئايلىنالمايدۇ؟

مەن ناھىيەمىزدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان، ئەنئەنىۋى تىجارەتنى كارخانىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇلىغا دەسسەتكەن چوڭ بىر جەمەتنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، يۇرتىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئىگىلىك تىكلەش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ھەم خاراب بولۇش جەريانىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان 30 يىل جەريانىدا يۇرتىمىزدا نۇرغۇن ئۇيغۇر بايلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى قول سانائىتى ۋە سودا-سېتىق ھالىتىدە تۇرغانلىقى ۋە جەمەت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئىگىلىكىنى زامانىۋى كارخانا يۆنىلىشى بويىچە باشقۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى.

ئاز ساندىكى تىجارەتچىلەر قولى پۇل كۆرگەندىن كېيىن تىجارەت دائىرىسىنى تەدرىجىي تۈردە كېڭەيتىپ كارخانىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇلىنى سالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلىنى زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە ماگدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىچكى ئىنرتسىيەلىك كۈچى تۆۋەن بولدى. كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار ئىگىلىكى جەريانىدا كۆپ ساندىكى يەككە تىجارەتچىلەر ياكى كارخانىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇلىنى سالغان كىشىلەر ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا لازىملىق بولغان ئىلمىي ھېسابات باشقۇرۇش، كاپىتالنى تەشكىللەش ۋە ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا، مەھسۇلاتلارنى سېتىش، مەھسۇلات ماركىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش زور مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھالدا بىر تەرەپ قىلالمىدى. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىدىكى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە يېتىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ياشلارنى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىگىلىكىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى.

ئادەتتە بىلىم بىلەن تىجارەتتە كۆپ پۇل تېپىش ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. يۇقىرى ئوقۇش تارىخى، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى دادىل ئىشلەتكەن

كىشلەرنىڭ تىجارەتتە قىڭغىر يولغا مېڭىپ قېلىش ئېهتىماللىقى تۆۋەن بولىدۇ. يۇقىرى ساپا بولغاندىلا ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئۆز ئارا تونۇشۇپ كەتكەن، كۆنسېرى يەرشارىلىشىۋاتقان، ئۇچۇرلىشىۋاتقان ۋە رەقەملىشىۋاتقان سودا مۇهىتىغا تېخىمۇ ئاسان ماسلاشقىلى هەم ئۆزگىرىشچان جەمئىيەت ئېهتىياجىغا ماس يېڭى مەهسۇلاتلارنى بازارغا سالغىلى بولىدۇ. ئەتراپلىق هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ساپا، ئاز ئۇچرايدىغان ئىقتىدار تىجارەتتە تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ كاپالىتى. ئۇچۇر دەۋرى ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار بىلىم بايلىق يارىتىدىغان ئەڭ مۇهىم ۋاستىغا ئايلىنىدۇ.

2010 ـ يىلى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆهبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزدىكى 19 ئۆلكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناهىيەلىرىگە ساهەلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك مەهسۇلاتلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاهات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قاتناش، ئالاقىسىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ كىشلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشگە ئەگىشىپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەهسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ساهەسىنىڭ كەسىپ زەنجىرى ئۇزىراپ، يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغان ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنى زور تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلامچى كارخانىلاردىن بولغان «ئارمان»، «ئىخلاس»، «ئامىنە» قاتارلىقلارغا ئوخشاش زامانىۋى شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ئالىي ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ياشلارنى كۆپلەپ ئىشلەتكەنلىكى هەم بازار ئېهتىياجىغا لايىقلىشىپ يېڭى تاۋارلارنى بازارغا سالغانلىقى ئۈچۈن تىجارىتى بارغانسېرى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زامانىۋى ئۇسكۇنە هەم زامانىۋى شىركەت باشقۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە ئىگىلىك ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىجارەت ئىشلىرى بارغانسېرى روناق تېپىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە هەم هەر خىل تېخنىكىلىق ئىشلارغا ماسلىشىش ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆهپە قوشۇۋاتىدۇ.

تىجارەتچى تاپقان پۇلى ئارقىلىق پەقەت ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلالايدۇ. ئەمما، بىر كارخانىچى جەمئىيەتكە نىسبەتەن بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاز بولغاندا ئون نەچچىدىن تارتىپ نەچچە يۈز هەتتا نەچچە مىڭ كىشىنىڭ خىزمەت هەم تۇرمۇش مەسلىسىنى هەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەهەتتىكى بايلىق يارىتىدۇ ياكى جەمئىيەتنى مەلۇم خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەيلى قانداق بىر كارخانا بولسۇن ئۇ پايدا ئېلىشنى كۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا بەلگىلىك خېيىم ـ خەتەرنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئەمما، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقۇپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەسلىك تېخىمۇ كۆپ كارخانىچىلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان پۇرسەتنى يوق قىلىدۇ.

قەدىمكى يىپەك يولىدىكى سودا كارۋانلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ياكى يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىزدىكى كېمە ئەترىتى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش بەدىلىگە زور پايدىغا ئىگە بولغان ئىدى.

## 2.پاي هەمكارلىقى

هازىرقى دۇنياغا داڭلىق شىركەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمدا پاي مەبلىغى توپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىگىلىكنى تەدرىجىي تۈردە زورايتىپ ماڭدى. پاي چەكلىك شىركىتىدىكى يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچىلاردىن ئاددىي خىزمەتچىلەرگىچە بولغان بارلىق كىشلەرنىڭ مەنپەئەتى پاي ئارقىلىق بىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن غەرب ئەللىرىدىكى كارخانىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى شىركەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشگە ئەگىشىپ بارغانسېرى ئۆسۈپ ماڭدى. غەرب ئەللىرىدىكى باشقۇرغۇچىلار ياللانما خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇردى. مائاش هەم مۇكاپات قاتارلىقلار ياللانما خادىملار ياراتقان ئەمگەك مەهسۇلاتى ياكى سېتىش كىرىمى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتتى.

پاي هەمكارلىقى كارخانىدىكى يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچىلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى بارلىق خادىملارنىڭ مەنپەئەتىنى زىچ بىرلەشتۈرەلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پاي هەمكارلىق تۈزۈمى ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى هالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان مۇهىم تىجارەت ئىگىلىك شەكلى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. پەقەت پاي هەسسەدارلىق تۈزۈمىدىكى ئۇيغۇر كارخانىلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەندە ئاندىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىجارەتچىلىرى ئۆز ئىگىلىكىنى كارخانا يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە

ئېرىشەلەيدۇ.

مەبلەغ مەسلىسىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا ھەل قىلىش كارخانىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆلەملەشكەن بەزى شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلىمۇ كۆپ ۋە مەبلەغ توپلاش دائىرىسىمۇ كەڭ بولىدۇ. زور كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلار شېرىكچىلىك ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى تەدرىجىي تۈردە كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

پاي چېكى، زايوم قاتارلىق ئاكسىيە بازارلىرىدىكى دائىملىق قىممەتكە ئىگە بېلەتلەردىن باشقا بىز ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ھەر خىل راسچوت قوراللىرى بىلەن پۇل مۇئامىلە ھاسىلاتلىرىمۇ دەل چوڭ تىپتىكى شىركەتلەرگە مايىللاشقان. ھەتتا بەزى شىركەتلەر بانكىدىن ئالغان قەرزلىرىنى قايتۇرۇشقا لازىملىق بولغان كۆچمە مەبلەغنى ھەل قىلالمىسا قەرز چېكى تارقىتىش ياكى پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق قەرز قايتۇرىدىغان مەبلەغنى جۇغلايدۇ. يەنە بەزى شىركەتلەر ھەتتا قەرەللىك توشۇپ قالغان زايومنى پاي چەككە ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق قەرزدارلىق بېسىمىنى يەڭگىللىتىدۇ. پاي چېكىنى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پايچىلارغا مۇۋاپىق پاي ئۆسۈمى تەقسىم قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېڭىدىن تارقاتقان پاي چەكلىرىنىڭ خېرىدارلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە لازىملىق مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى ئانچە تەسكە توختاپ كەتمەيدۇ. بۇنداق شىركەتلەرنىڭ سودا ئىناۋىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئىگە بولىدىغان سودا ئىناۋىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇناسىۋەتلىك باشقا كارخانىلارنىڭ مەبلەغلىرىنى ھەقسىز ئىشلىتىش پۇرسىتىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ.

قەرز چېكى تارقىتىش ۋە پاي چېكىنى بازارغا سېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ئاز ساندىكى چوڭ تىپتىكى شىركەتلەردىن تاشقىرى كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇلازىمەت كارخانىلىرى ئىچكى قىسىمدا مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشاشلا زامانىۋى شىركەت يۆنىلىشى بويىچە ئىگىلىك تىكلەپ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. زامانىۋى شىركەت ئۇسۇلى بويىچە ماڭغان ھەم بىر قەدەر مۇكەممەل بوغالتىرىيە ھېساباتى تەسىس قىلغان كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ مەسىلىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى تەمىنلەيدۇ. ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانا ۋە شىركەتلەر بازار رىقابىتىدە ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەبلەغ كۈچى ۋە ئىناۋەت دەرىجىسى ئۆسۈپ مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەندە ئاندىن ئۇلار قەرز چېكى تارقىتىش، پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق بازاردىن ئاشكارا مەبلەغ توپلاش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئاددىي ھالدىكى شېرىكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىدىن زامانىۋى شىركەت تۈزۈمى بويىچە تىجارەت ئىشلىرىنى ئېلمىي باشقۇرۇپ، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھەم پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قاتارلىقلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىش، ئاندىن پاي چېكىنى ئاشكارا بازارغا سېلىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ھەم زور مىقداردىكى كاپىتالدىن پايدىلىنىپ رىقابەتچىلىرىنى قوشۇۋېلىش ھازىرقى كۆپ ساندىكى شىركەتلەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇقەررەر مۇساپىدىن ئىبارەت. بىر قىسىم ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغان بولسىمۇ، مۇكەممەل بولغان ھېسابات ئۇسۇلى تۇرغۇزمىغانلىقى، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شېرىكچىلىك ئىشلىرى ئىچكى ماجىرا بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ چوڭراق تۈرلەرگە مەبلەغ سالغۇسى كېلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قولىدىكى مەبلەغ چەكلىك بولغاچقا ئۆزى يالغۇز مەبلەغ چىقىرىپ، جەمئىيەتتە ئالدىنقى سەۋىيەدە تۇرىدىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. شۇڭا كۆپ ساندىكى كارخانىلار مەبلەغ سالالايدىغان كىچىك تۈرلەرگە تەكرار مەبلەغ سېلىش، كۆلىمى كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئارىسىدىكى رىقابەتنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بانكىنىڭ قەرز مەبلىغىنىڭ قەرەلى بىر قەدەر قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن بانكىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز مەبلىغىگە تايىنىپ باھاسى قىممەت بولغان چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغان بىلەن، قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىدا تىجارەتكە لازىملىق كۆچمە مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى يۈز بېرىپ كارخانىنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. پەقەت بىر قانچە مەبلەغ سالغۇچى ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، چوڭ تىپتىكى تۈرلەرگە لازىملىق بولغان مەبلەغ مەسىلىسىنى ئاسان ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش كىچىك تۈرگە تەكرار مەبلەغ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، زۆرۈر بولغان مالىيە قەرز ئۆسۈم خىراجىتىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىكى شېرىكچىلىك ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇل،تېخنىكا، كاپىتال، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە، ماركا ھوقۇقى، پاتېنت ھوقۇقى قاتارلىقلار ناھايىتى ئاسان بىرىكىپ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلىنالايدۇ. كۆپ ساندىكى تەرەققىي

قىلغان ئەللەردە پۇلدار كىشىلەر ئەڭ يېڭى پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىنتايىن يۇقىرى مەبلەغ سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. تېخنىكا بىلەن كەشپىياتنىڭ پۇلغا ئايلىنىش سۈرئىتى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمۇ بەك يۇقىرى.

پەقەت ئىلمىي ۋە مۇكەممەل بولغان ھېسابات ئۈسۈلى تۇرغۇزغان كارخانىلارلا شېرىكلەشكەن ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن ھەمكارلىق ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدۇ. تىجارەت جەريانىدىكى ھەر خىل پايدا ھەم خەۋپ-خەتەر قاتارلىقلارنى شېرىكلەشكەنلەر چىقارغان مەبلەغ نىسبىتىگە ئاساسەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەسلىدە رىقابەتداشلاردىن بولغان تىجارەتچىلەر ھەمكارلىق يولىدا ماڭىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسى رەقىب بولغان ۋاقىتلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئارتۇق بولىدۇ. مەيلى كۆلىمى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بارلىق گۇرۇھلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە تەجرىبىگە ئىگە شەخسلەردىن تەركىب تاپقان. بازاردىكى رەقىبلەر ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش يولىغا قاراپ ماڭسا ئۇلارنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق بايلارنىڭ بىرى بولغان روكفېللېرنىڭ قول ئاستىدىكى لىدېرلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال ئۇنىڭ رەقىبلىرى ئىدى. روكفېللېر ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى روكفېللېرنىڭ ھەمكارلاشقۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۆزىنىڭ مەبلىغى يېتىشمىگەن شارائىت ئاستىدا ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقا ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ھەم ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن بىر قەدەر ئىلمىي ھەم ئىشەنچلىك بولغان ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالاش مەبلەغ توپلاشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك يولى. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تىپىدىكى كارخانا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلارغا بىر قەدەر ماس كېلىدىغان زامانىۋى كارخانا ئەندىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىككىدىن يۇقىرى ئەللىكتىن تۆۋەن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھەمكارلىقىدىكى كارخانا تەشكىلىي شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلار سالغان مەبلەغ نىسبىتىگە ئاساسەن كارخانىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىش، پايدىدىن بەھرىمەن بولۇپ، خەۋپ-خەتەرگە قارىتا چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەپ تىجارەت قىلغۇچى، مەبلەغ سېلىپ، مەبلىغىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغۇچى ياكى كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان كارخانا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە ئۆزىنىڭ مالىيە كۈچىدىن تېخىمۇ زور بولغان مەبلەغقە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەبلەغ توپلاپ تىجارەت قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش، كارخانىنىڭ تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش، تېخنىكا يېڭىلاش، يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلار بولسۇن ياكى كارخانىنى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا بولسۇن ھەمكارلىق ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 3. كارخانىچىنىڭ قانۇن ساپاسى

كارخانا ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىدىغان ھەم نورمال قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق قۇرۇلغان قانۇنىي ئىگە بولغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، كەسىپداشلار ئارا رىقابەت ۋە ھەمكارلىق ھەم بازار سودىسى ھەر خىل قانۇنىي تۈزۈملەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر كارخانىچى ئۆزىدە بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قانۇن ساپاسىنى ھازىرلىمىسا بولمايدۇ. كارخانىنىڭ تىجارەت كۆلىمىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى تېخىمۇ كۆپ قانۇنىي بىلىملەرگە موھتاج بولىدۇ. كارخانا ئىگىسىنىڭ قانۇن ساپاسى يۇقىرى بولمىسا ھەر خىل مۇرەككەپ تىجارەت ھادىسىلىرىگە قارىتا توغرا تەدبىر بەلگىلەشكە ئامالسىز قالىدۇ.

كارخانا ئىگىلىك پائالىيەتلىرى جەريانىدا دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە بازاردىكى باشقا قانۇنىي ئىگىلەر بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ. بۇ جەرياندا تۈرلۈك-تۈمەن مۇرەككەپ بولغان قانۇنىي ھادىسىلەرگە يولۇقىدۇ. كارخانا باشقۇرغۇچىدا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇنىي بىلىملەر كەمچىل بولغاندا كارخانا بىلەن سىرتقى قىسىمدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇرەككەپ ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي كارخانا مەنپەئەتى ناھايىتى ئاسان زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كارخانا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇن-قائىدىلەرمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق كارخانىچى ئۆز ۋاقتىدا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرمىسا كارخانىنىڭ تىجارەت يۆنىلىشىنى دۆلەتنىڭ كەسپ سىياسەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىگە ماسلاشتۇرۇپ بولالمايدۇ. كارخانا تىجارەت نىشانىنى دۆلەتنىڭ سىياسەت-پەرمانلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ماڭمىغاندا، كارخانىنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاجىزلاپ

ئاخىرى ۋەيران بولۇش قىسمىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. يىراقنى كۆرەر كارخانىچىلار دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن كەلگۈسىدىكى بازارنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەپ، شۇنىڭغا قارىتا تىجارەت نىشانىنى تەڭشەپ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ.

كارخانا بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش، چوڭ تۈرلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، باشقىلارغا ۋاكالىتەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، خام ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈش، ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىقلار جەريانىدا توختام تۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر كارخانا باشقۇرغۇچىنىڭ قانۇن ساپاسى تۆۋەن بولسا باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن رىقابەت، سودا ئالاقىسى ياكى توختام تۈزۈش قاتارلىقلاردا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىھۇدە زىيان تارتىشتىن زادىلا خالىي بولالمايدۇ.

كارخانا بازار تىجارىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، توختامدىن باشقا ھەر خىل كەسپىي خاراكتېرلىك قانۇنىي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: كېپىللىك قىلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، مەبلەغ سېلىش، ئىجارە بېرىش، قوشۇۋېلىش، قايتا تەشكىللەش، ئاكسىيە، ۋېكسىل قوبۇل قىلىش ياكى كېسىش، ئىناۋەت كىنىشكىسى، پاتېنت ھوقۇقى، ماركا ھوقۇقى، رويخەتكە ئالدۇرۇش، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، باج، تامۇژنا، كېسىم، ئەرز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كارخانا داۋاملىق دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان قانۇنىي مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە كارخانا باشقۇرغۇچىلار يۇقىرىقىدەك ھەر خىل مەسىلىلەرگە قارىتا بەلگىلىك بىلىملەرنى ئىگىلىمىگەن ياكى مۇناسىپ كىشىلەرنى ئىشقا قويمىغان بولسا نورمال ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە تىجارەت تەدبىرى بەلگىلەشتە چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ كارخانا كىرىزىسكە يولۇقىدۇ.

شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش، باشقىلارنىڭ پاي مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش، كېپىل بولۇش، باشقا كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىش، زايوم تارقىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ياكى سېتىشنى ھۆددىگەبېرىش، پاي چېكى تارقىتىش ياكى پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ قەرز پۇلىغا ئىلتىماس قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كارخانىچىدا يۇقىرىقىلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي بىلىملەرنى بىلىدىغان ئىقتىدارلىق خادىملار كەمچىل بولسا ھەر خىل ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنى نورمال ھالەتتە ئېلىپ بارالماي، كارخانىنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەيدۇ.

كارخانىچىلارنىڭ قانۇن سەۋىيەسى تۆۋەن بولسا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالاش، ئۇلارنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش، باج تاپشۇرۇشنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، كارخانىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، ئىقتىسادىي توختاملارنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە توختام سوممىسىغا ئاساسەن ماركا بېجى تاپشۇرۇش، كارخانىنىڭ ماركىسىنى ۋە پاتېنت ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا سەل قاراپ، بىھۇدە زىيان تارتىشتىن خالىي بولالمايدۇ. كارخانا ۋەيران بولغاندا، مۈلۈك ئېنىقلاش، مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي تەرتىپلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ قانۇن سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بىھۇدە زىيانغا مۇناسىۋەتلىك مىساللار بىزگە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك قانۇن بىلىملىرىنى بىلىش كارخانىچى بولۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي ساپا تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كارخانا مەدەنىيىتى

ئىنسانىيەت يېڭى بىر ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يېڭى بىر تۆۋەتلىك كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا ئادەمنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچىيىپ، كارخانا مەدەنىيىتى دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان بىر خىل يېڭىچە باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالدى. دۇنيادا مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىدە قوللانغان ھەم كارخانىنىڭ قىممەت قارىشى،شۇنداقلا ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى قاتارلىقلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلغانلار ئامېرىكىلىقلاردۇر. ئۇلار كارخانا باشقۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە قىممەت قاراش مەسىلىسى ۋە ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش مەسىلىسى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە، كورېيە ۋە ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەردىكى داڭلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى يارىتىپ زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.

كارخانا مەدەنىيىتى ئادەملەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى كرېمنىي جىلغىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى خادىملار بىلەن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىشچىلار بىرگە ئىشلەش ھەم باراۋەر ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق ھالقىلىرىدىكى ھەمكارلىق مېخانىزمىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلارنىڭ شىركەتتىكى بارلىق كىشىلەر باراۋەر ئاساستا شىركەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا

مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان يىغىن ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئامېرىكىنىڭ كارخانىلىرىنى دۇنيادىكى باشلامچى ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئۇلار ماركا هوقۇقى، پاتېنت هوقۇقى ۋە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ غايەت زور ئەمەلىي كىرىمگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ.

كارخانا مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بىر تارماق سىستېمىسى. ئۇ كارخانا ئاساسىي ئېتىقادى، كارخانا قىممەت قارىشى ،كارخانا ئەخلاقى، كارخانا قائىدە-تۈزۈملىرى، كارخانا تۇرمۇش شەكلى ۋە كارخانا فىلوكىر مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئارقىلىق شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەن كارخانا مەدەنىيەت سىستېمىسىدۇر.

كارخانا ئاساسىي ئېتىقادى، يەنى كارخانا روهى مۇستەهكەم كارخانا نىشانى ،كۈچلۈك ئۆملۈك ئېڭى، توغرا رىغبەتلەندۈرۈش پىرىنسىپى، روشەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئىلمىي قىممەت قارىشى ۋە مېتودولوگىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كارخانا ئاساسىي ئېتىقادى كارخانىنىڭ هەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ هەم كارخانا خادىملىرىغا نىسبەتەن زور رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ كارخانىنى ناهايىتى زور ئىچكى هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلىپ، بارلىق خادىملارنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. كارخانىنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرى كارخانا قىممەت قارىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. كارخانا قىممەت قارىشى كارخانىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى بىلەن شەخسنىڭ قىممىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلەپ، يېڭىچە ئىناق خىزمەت مۇهىتى ۋە ئىللىق كىشىلىك مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

كارخانا ئەخلاقى كارخانا قىممەت قارىشىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا قانات يايىدۇ. ئۇ كارخانا بىلەن كارخانا ، كارخانا بىلەن خادىملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم مىللەت كىشىلىرىگە ماس كەلگەن كارخانا مەدەنىيىتى باشقا مىللەتلەرگە ماس كېلىشى ناتايىن.

دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بازاردا داڭ چىقارغان بىر قىسىم كارخانا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش چوڭ تىپتىكى شىركەت گورۇھلىرىنىڭ ئەڭ مۇهىم ئىشلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز كارخانىلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان بولغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بېسىمى بارغانسىرى ئېشىپ بارماقتا. قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىش بايلىق مەنبەسى، ئېنېرگىيە، مۇهىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلىنىشى هەم دۇنياۋى خاراكتېرلىك كرىزىسنىڭ تەسىرىنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن دۆلىتىمىز كارخانىلىرى بارغانسېرى كەسكىن سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ كاراخانا مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

كارخانىلارنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى باشقا مىللەتلەردىن قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كەلگەندە، ئۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپىغا ئىگە كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ قائىدە-تۈزۈملەر مەلۇم مىللەت كىشىلىرىگە ماس كەلمىسە ئۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ مەلۇم مىللەت كىشىلىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى بوغىدىغان چۈشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كارخانىنىڭ كۆلىمى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى يارىتىش دەۋرىنىڭ تەقەززاسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر كارخانا مەدەنىيىتى يارىتىشتا زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا ماس كېلىدىغان كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىپ چىققاندىلا، كارخانىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەهبەرلىرى بىلەن باشقا خادىملارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇشچانلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ كارخانىنىڭ بازاردىكى يادرولۇق رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## 5. مەبلەغ سېلىش ماهارىتى

هەرقانداق بىر كارخانىچى هەر خىل ئاماللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەڭ زور پايدىنى قوغلىشىپ، چەكلىك

كاپىتال كۆچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىلكىدىكى مۈلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا كارخانىچىدىكى مەبلەغ ئىشلىتىش ۋە مەبلەغ سېلىش ماھارىتى كارخانىنىڭ بازاردىكى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىغا غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۈلۈك كارخانا ئىگە بولغان ياكى كونترول قىلغان پۇل بىلەن ھېسابلىنىدىغان ئىقتىسادىي بايلىق مەنبەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىقى ساتسا پۇلغا ئايلىنىدىغان ھەر خىل مۈلۈك، خام ماتېرىيال، نەق پۇل، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە، قەرز ھوقۇقى ۋە شەكىلسىز مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كارخانىچىدا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى بولۇپلا قالماي، كەلگۈسىدە باھاسى ئۆسىدىغان ھەر خىل ماددىي ئەشيالار ۋە مۈلۈكلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارى يەنە بازار ئۆزگىرىشلىرىنى تېز پەرق ئېتىپ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى مۈلۈكنى سېتىپ چىقىرىپ، مەبلەغ جۇغلايدىغان تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. كارخانىچى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مۇقىم مۈلۈك ۋە خام ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزۈكسىز تۈردە ئېلىپ بېرىپ، مەھسۇلات سېتىش ئارقىلىق مەبلەغنى ئوبوروت قىلىپ تۇرىدۇ. مۈلۈك نىسبىتى بەك يۇقىرى بولۇپ، نەق پۇل مەبلىغى يېتىشمەي مەبلەغنىڭ ئوبوروتچانلىقى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا كارخانا ناھايىتى ئاسان كىرىزىس ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇقىم مۈلۈك بىلەن كۆچمە مۈلۈك ھەم تاۋار بىلەن نەق پۇل مەبلىغى ئارىسىدىكى مۇۋاپىق ھالەتنى ساقلاش كارخانا باشقۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادى ياكى دۆلەت ئىقتىسادى مەلۇم دەۋرىيلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل مۈلۈكلەر بىلەن مەبلەغ سېلىش ساھەسىنىڭ باھاسىمۇ ئىقتىسادىي دەۋرىيلىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق كارخانىچىدا دۇنيادىكى ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى چۈشىنىدىغان يۇقىرى سەۋىيە بولمىسا بولمايدۇ. نەدە كۆپ پايدا بولىدىكەن، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى خەۋپ-خەتەرمۇ شۇنچە زور بولىدۇ ھەم زور بىر تۈركۈمدىكى مەبلەغ ئەنە شۇنداق ساھەلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. خەۋپ-خەتەردىن قورقۇپ مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان كارخانىچى ھەرگىزمۇ كۆپ پايدىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. زور پايدىنى كۆزلەپ ئۆز ۋاقتىدا قىممەتكە ئىگە باھالىق ئاكسىيە بىلەن مۈلكنى پۇلغا ئايلاندۇرمىغانلار يۇقىرى باھاغا باغلىنىپ قالىدۇ. يۇقىرى باھالىق مۈلۈك ۋە قىممەتكە ئىگە ئاكسىيەلەرنى ۋاقتىدا قولدىن چىقىرالمىغانلار ناھايىتى ئاسان ۋەيران بولىدۇ.

ئۆي مۈلۈك بازىرى، پاي چېكى بازىرى، زايوم بازىرى، ئالتۇن بازىرى، تاشقى پېرېۋوت بازىرى، قەرەللىك مال بازىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بازارلاردىكى زور مىقداردىكى پايدا نەچچە تىرىليونلىغان ھايان كاپىتالنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈيدۇ. بۇ بازارلاردىكى يۇقىرى دولقۇن بىلەن تۆۋەن دولقۇن ھايان كاپىتالنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. زور مىقداردىكى ھايان كاپىتال پايدىسى ئاز ساھەلەردىن يۇقىرى بولغان ساھەلەرگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. مۈلۈك باھاسى داۋاملىق ئۆسۈۋاتقاندا، ئەڭ ماھىر مەبلەغ سالغۇچىلار مۈلۈكنى سېتىپ چىقىرىپ زور مىقداردىكى نەق پۇل مەبلىغىنى جۇغلايدۇ. مۈلۈك خەۋپ-خەتىرى كۆچەيگەندە ئۇلار ئالدى بىلەن ئالتۇن بازىرى ياكى قەرەللىك مال بازىرىغا كىرىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ سەمرىتىدۇ.

بازارلاردىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن كۆندە نەچچە تىرىليونلىغان كاپىتال قەرەللىك مال بازىرىدىن پاي چېكى بازىرىغا ئاندىن كېيىن زايوم، ئارقىدىن تاشقى پېرېۋوت بازىرىغا ئاقىدۇ. زور مىقداردىكى ھايان كاپىتال نەگە ئاقسا شۇ بازاردا چاپ-چاپ ھالەت شەكىللىنىپ خەۋپ-خەتەر تەڭلا پەيدا بولىدۇ. زور مىقداردىكى ھايان كاپىتال قايسى بازارغا كىرسە شۇ بازار جانلىنىدۇ. چېكىنىپ چىققاندا بولسا كاساتلىشىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىقىدەك يۇقىرى دەرىجىلىك بازارغا مەبلەغ سالماقچى بولغان كارخانىچى بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن خەۋەردار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ.

كارخانا جايلاشقان رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، نوپۇس سانى، زور كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ ئىستېمال ئادەتلىرى قاتارلىقلار كارخانا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان رايونلاردىكى مۈلۈك قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. دۆلەت سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەسلىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولغان بەزى رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلىشىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى زور ئىقتىسادىي نەپكە ئىگە قىلىدۇ.

ئادەتتە كۆپ ساندىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەم توپلىشىدىغان ھەم ئادەملەر كۆپ ئۇتۇشۇپ تۇرىدىغان ئاۋات جايلارنى تىجارەت نۇقتىسى قىلىپ تاللىغانلىقى ئۈچۈن، تىجارەت ئۈچۈن سالغان مەبلەغنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېلىپ قالماي يەنە تىجارەتنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، تىجارەت

پايدىسىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بىر قىسىم مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ باھاسى تەدرىجىي تۆۋەندە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا سەرپ قىلىنىپ خوراپ ماڭسا، يەنە بىر قىسىم مۈلۈك قىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ. ئادەتتە ئادەم توپلاشقان رايونلاردىكى ئۆي مۈلۈك باھاسى داۋاملىق ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆي مۈلۈك قىممىتىنىڭ ئېشىشىمۇ مەبلەغ سالغۇچىغا ئۆزى ئويلاپ باقمىغان زور پايدا ئاتا قىلىدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يېمەك-ئىچمەك ساھەسىدىكى ماك دولاند، كىنتاكى قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زەنجىرسىمان تارماق دۇكانلىرى ساتقان نەرسە يېمەكلىك بولسىمۇ، ئۇلار يېمەكلىك ئارقىلىق توپلانغان مەبلىغى دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى نوپۇس زىچلىقى يۇقىرى شەھەرلەردىكى كەلگۈسىدىكى ئەڭ ئاۋات كوچىلارغا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار جايلارغا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق مۈلۈك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غايەت زور ھاسىلاتقا ئىگە بولغان.

ئاز ساندىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا، كۆپ ساندىكى يېڭى ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشى ئادەتتە پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم مەبلەغ كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا بوش تۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانىچى ئۆز ئىلكىدىكى مەبلەغنىڭ قىممىتىنى داۋاملىق ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق مەبلەغ سېلىش تاكتىكىسىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ، بوش تۇرۇپ قالغان مەبلەغنىڭ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ بايلىقنىڭ قىممىتىنى قار كۆمىلچىدەك يوغىنىتىپ بېرىشتا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇرۇن ھەر خىل تەبىئىي ھالەتتىكى ماتېرىياللار زور مىقداردىكى بايلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى ئىدى. ئىنسانىيەت بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان يېڭىلىق يارىتىش ئەڭ زور قىممەت ئاتا قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ، كارخانىلاردىكى شەكىلسىز مۈلۈكنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچەيدى. شۇڭلاشقا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق كارخانىنىڭ شەكىلسىز مۈلكىنى ئاشۇرۇش سەل قارىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشقا ئايلاندى. دۇنياۋى بازارلارنىڭ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق تۇتىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، يەرلىك كارخانىچىلار دۇچ كېلىدىغان خىرىس بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرىلاپ كەتتى.

## 6. كارخانا قانداق زامانىۋىلىشىدۇ؟

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىگىلىكىنىڭ كارخانا قۇرۇش ئۆلچىمىگە توشقان بولسىمۇ، كارخانا قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرمىگەنلىكى ھەم ئىگىلىك شەكلى قانداشلىقنى ئاساس قىلغان جەمەت ئىگىلىكى ئىچىدە قالغانلىقى، ئۇلار ئىلمىي بولغان ھېسابات ئىشلىرىنى تەسىس قىلمىغانلىقى ئۈچۈن باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. كارخانىنى زامانىۋى شىركەت ئەندىزىسى بويىچە باشقۇرغاندا مەبلەغ جۇغلاش، مەبلەغ سېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلمىي ھالدا پىلانلاش، كارخانا خامچوتىنى مۆلچەرلەش ۋە تۈزۈش، كارخانا جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، پايدا تەقسىم قىلىش قاتارلىقلارنى ئىلمىي ھالدا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىر قەدەر ئىلمىي بولغان ھېسابات سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقمىغاندا، كارخانىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىلمىي ھالدا پىلانلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىرلىككە كەلگەن زامانىۋى مالىيە بوغالتىرىيە ھېسابات ئۇسۇلىنى قوللىنىش كارخانىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۇنجى قەدەمنى باسماي تۇرۇپ كارخانىنى ھەرگىزمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا سالغىلى بولمايدۇ.

كارخانا قۇرغاندا قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رويخەتكە ئالدۇرۇش ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھەر خىل گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئىگىلىكىنى كارخانا شەكلىگە ئۆزگەرتىشتە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ قارايدۇ. ئەگەر بېجىرىشكە تېگىشلىك ھەر خىل كىنىشكىلارنى بېجىرمەي تۇرۇپ ئالدىراپ تىجارەتكە كىرىشىپ كەتكەندە، ھەر خىل بىھۇدە جەرىمانە تۆلەش ۋە تىجارەت ئىشلىرىدىكى چەكلىمىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇلار سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا رويخەتكە ئالدۇرۇش، سۈپەت-تېخنىكا ئىجازەتنامىسى، كارانتىن قىلىش، تىجارەت ئىجازەتنامىسى، باج تىزىملىتىش كىنىشكىسى ۋە بانكا ھېساباتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالاھىدە كەسىپلەرنى باشقۇرىدىغان تارماقلاردىن ئىجازەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كارخانا ھەقىقىي تۈردىكى شىركەت يۆنىلىشىدىكى تىجارەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغاندا سودا بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇل ياردىمىگە ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەتتا نورمال قانۇنىي تەرتىپ بويىچە مۇناسىۋەتلىك تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرمىگەنلەر ھەرگىزمۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. كۆپ ساندىكى يېقىندىن ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىچىلار ئۆزى

مەبلەغ جۇغلاپ ياكى شېرىكلىشىپ كارخانا قۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ قەرز پۇل ياردىمىگە دەرھال ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن بانكا ھېسابى ئېچىشقا سەل قارايدۇ. ئىناۋەت ئەھۋالى ياخشى بولغان مەلۇم بانكىدا ھېساب ئېچىپ، ئۇزاق مۇددەت راسچوت كەسپىنى بېجىرىش كېرەك. كارخانا تىجارەت ئىشلىرى روناق تېپىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارلارنى قاپلاش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتلاردا كارخانا زور مىقداردىكى كۆچمە مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇزاق مۇددەت راسچوت ئالاقىسى قىلغان بانكىنىڭ قەرز پۇلىنى ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. تور نۇقتىلىرى بىر قەدەر كەڭرى بولغان بانكا كارخانىچىلارنى بىر قەدەر قولايلىق بولغان راسچوت ئۇسۇلى ۋە ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كارخانا بانكىدا ھېساب ئاچقاندىن باشلاپ ھەقىقىي تۈردە شىركەتنى بىر قەدەر ئىلمىي بولغان ھېسابات باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن باشقۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ. بانكىدىن قەرز ئېلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كارخانا بانكىنى ھەر خىل بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋەللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. نەتىجىدە كارخانا ھەقىقىي تۈردە مالىيەنى زامانىۋى شىركەت تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇش يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھېسابات باشقۇرۇش ئىشلىرى ئىلمىي باشقۇرۇش ئىشىغا چۈشكەندىن كېيىن كارخانا خوجايىنلىرى ياكى باشقا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ تىجارەتتىكى تەدبىر بەلگىلىشى چوقۇم مۇكەممەل بولغان ھېسابات ئىشلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مۇلۇك قەرز جەدۋىلى، پايدا جەدۋىلى، نەق پۇل ئېقىش مىقدارى جەدۋىلى قاتارلىقلاردىكى سانلىق ئاساسلار كارخانىچىلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى ئىلمىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماي يەنە كارخانا باشقۇرغۇچىلار ۋە شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغۇچىلارنى كارخانىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ھېسابات ئىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىش، مەبلەغ سېلىش تەدبىرى ۋە پايدا تەقسىم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىيلىشىشى كارخانىنى زامانىۋى ئىگىلىك تەلىپى بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سالىدۇ.

## 7.كارخانا خادىملىرى

ھازىر كۆز ئالدىمىزدىكى ئىقتىسادىي مۇھىت بارغانسېرى دۇنياۋى ئىقتىسادنىڭ دەۋرىيلىك ئەھۋالىغا بېقىپ ئۆزگىرىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ زور پايدا چوقۇم ھازىرقى دۇنياۋى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئەڭ توغرا چۈشەنگەن ھەم ئۇنى رايون ۋەزىيىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى بازار ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق، توغرا مۆلچەرلىگەنلەرگە ئەڭ كۆپ نېسىپ بولىدۇ. ھەر قانداق ئىگىلىك تىكلىگۈچى تىجارەتتىكى ئەڭ ياخشى ئامىل بولغان ئادەم ئامىلىغا سەل قارىسا، ئەڭ ئىقتىدارلىق خادىملارنى ئەتراپىغا يىغمىسا ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇشتىكى ئېخمۇ ياخشى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان دۇنياۋى تاۋار ۋە سودا رىقابىتىدە كۆپ ساندىكى مەبلەغ سېلىش ھەرىكىتىنى كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. كارخانا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتكە تېز ماسلىشالايدىغان ئىقتىدارلىق ياشلارغا موھتاج بولىدۇ.

ھەر قانداق كارخانا ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۆزى قۇرماقچى بولغان كارخانىنىڭ كەسىپ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ھەر خىل خادىملارنى قوبۇل قىلىشنىڭ بىر قەدەر ئىنچىكە بولغان قوبۇل قىلىش پىلان لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ياشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىقتىدارلىقلىرىنى تاللىۋېلىشى كېرەك. كارخانا قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدارلىق خادىملارنى ئۇزاق مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كارخانىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى يېڭىلىقلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن پەيدا بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن كارخانا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

بىر قىسىم كارخانىلار بىر قەدەر يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە قابىلىيەتلىك ياشلارنى تاللاپ ئىشلەتكەن بىلەن شۇنىڭغا ماس بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ كەملىكى، ئىقتىدارلىق خادىملارنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك تۈردە پايدىلانماسلىق، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك تۈپەيلىدىن تىجارەت ئىشلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بەزى كارخانىچىلار ئۆز بىلىمىنى داۋاملىق يېڭىلاپ قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۇلارنى كارخانىنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا تەدبىر بەلگىلەشكە قاتناشتۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇنەۋۋەرلەردىن بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بەزى شىركەتلەر تاپقان پايدىسىنىڭ

تەخمىنەن 20% تىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلىدىكەن ھەم يۇقىرى ئىقتىدارلىق ياللانما خادىملارنى ئۇزاق مۇددەت ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ھەر خىل لايىھەلىرىنى قوللىنىدىكەن. ئادەم كارخانىدىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل. مەلۇم بىر كارخانىدا ھەر قانچە مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمى، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى، ئەڭ ئىلغار قوراللارغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئادەم شىركەتنىڭ ھايات-ماماتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئادەمگە تايىنىدۇ. خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى كارخانا تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى بۇ نۇقتىغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن قىممەت باھالىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىدىغان ئادەم يوق، توپا بېسىپ ياتىدىغان ھالەت كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

كارخانا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىدىكى ھوقۇق تەدرىجىي تۈردە تارقاقلىشىدۇ. كارخانىدىكى ئوخشىمىغان شېرىكچىلىكتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كارخانا باشقۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. دىرېكتورلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتىكى رولىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىگىلىك ھوقۇق بىلەن تىجارەت قىلىش ھوقۇقى تەدرىجىي تۈردە ئايرىلىشقا يۈزلىنىدۇ. كارخانا بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق خادىملارنى تىجارەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنى شىركەت پايچىلار يىغىنى ياكى پايچىلار رەئىسى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار پايچىلار ۋە مۇدىرىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى باشقۇرىدۇ.

دۇنيادىكى داڭلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولۇپلا قالماي يەنە مەلۇم ساندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىمۇ شىركەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قارىتا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار شىركەتكە كۆپ مىقداردا مەبلەغ سالالمىسىمۇ، شىركەتكە قوشقان تۆھپىسىگە ھەم كۆپ ساندىكى خادىملارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن شىركەتنىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىلىق قاتلىمىغا كىرەلەيدۇ. ئۇلار كۆپ ساندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز نوپۇزىنى تىكلەيدۇ. مانا بۇلار نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى چوقۇم ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار ھېسابلىنىدۇ.

## 8.كارخانا ماركىسى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنى ئاھالىلەرگە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتتى. دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى ئەللەر مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مىسلىسىز تۈردە تەرەققىي قىلىپ، بازار ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرىدە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياجى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. بازاردىكى ھەر قايسى كارخانىلار ئارىسىدىكى مەھسۇلات سېتىش رىقابىتى بارغانسېرى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ماركا تاۋارلارنىڭ بازاردىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى.

بازار رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بازاردىكى تاۋارلار بارغانسېرى كۆپىيىپ تاۋارلار ئارىسىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ھەر قانداق بىر كارخانىچى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، بازارنى قاپلاش دەرىجىسىنى ئاشۇرماسا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدىغان داڭلىق ماركا ياراتمىسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ماركا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇ بىر نام، نەقىش، بەلگە، رەسىم قاتارلىقلارنىڭ ئاددىي ھالدىكى بىرىكمىسى ئەمەس، بەلكى كارخانىنىڭ، مەھسۇلاتنىڭ بازاردىكى ئىناۋەت ئوبرازىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا قارىغاندا خېلى كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەم ماركىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بىلىملەرنى ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كېچىكىپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنىڭ داڭلىق ماركا يارىتىش ئېڭى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان «ئارمان»، «ئىخلاس»، «ئامىنە» قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر تۈركۈم داڭلىق ماركىلىرى بارلىققا كەلدى. ئەمما، بۇلارنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئەھۋالى ھەم تەرەققىي قىلغان

ئەللەرنىڭ دۇنياغا داڭلىق ماركىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق ماركىلىرىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بازارلارنى قاپلاش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ماركا كارخانىنىڭ بازاردىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىلدىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر كارخانا بازارغا كىرگەندىن باشلاپ مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ماركا ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ماڭمايدىكەن، ئۇ بازاردا ئۇزاق مۇددەت پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن تەرەققىي قىلغان كۆپ ساندىكى كارخانىچىلار بازاردىكى بىردەملىك پايدا ـ مەنپەئەتنى قوغلىشىپ مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن تىجارەت ئىشلىرى ناھايىتى ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بار مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەي داڭلىق ماركا يارىتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ ھەم بازارغا سالغاندا ماركا قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئارا بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ، كەلگۈسىدىكى بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

دۇنياغا داڭلىق بولغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسىلا داڭلىق مەھسۇلات ماركىسى ۋە ماركا ئوبرازىنى ھەم سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، داڭلىق ماركا ئارقىلىق بازاردا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار داڭلىق ماركا ئاساسىدا مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق يېڭىلاپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۈزۈلۈكسىز تۈردە لايىقلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان داڭلىق ماركىلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىپ زور مىقداردىكى قىممەت ياراتتى. داڭلىق ماركا ياراتقان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار داڭلىق ماركا ئارقىلىق زور كىرىمگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. داڭلىق ماركا ياراتقان كارخانىلارنىڭ شەكىلسىز مۈلۈك ھوقۇقى بولغان ماركا قىممىتى بولسا بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىي ئەشيالار چەكلىك بولۇپلا قالماستىن يەنە كارخانىنىڭ كۆپ ساندىكى مۈلكى تەدرىجىي تۈردە خوراپ ماڭىدۇ. ئەمما، شەكىلسىز بايلىق بولغان ماركا بولسا كارخانىنىڭ بازاردىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن داۋاملىق ئۆسۈپ ماڭىدۇ. داڭلىق ماركا مەلۇم بىر مىللەت ياكى قوۋم ئۈچۈن دۇنيا بازارلىرىغا كىرىدىغان يول خېتىگە ئوخشايدۇ. داڭلىق ماركا بولمىغاندا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تاۋارلارنى رايون چېگراسى ئىچىدىن ھالقىپ چىقىرىپ، دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بازاردا مەۋجۇتلۇقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قالماقچى بولغان كارخانىچى داڭلىق ماركا يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى كارخانىنىڭ بارلىق تىجارەت نىشانىنى داڭلىق ماركا يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك.

## 9. يېڭىلىق يارىتىش

بىز دۇنياغا تونۇلغان، داڭلىق ماركا ياراتقان، نەچچە يۈز يىللىق تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ بازاردا ھېلىمۇ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئۈزۈلۈكسىز تۈردە يېڭى مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىپ، تىجارەت نىشانىنى مۇۋاپىق يوسۇندا ئۆزگەرتىپ، كەلگۈسىدىكى يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىپ، بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىدە مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. دۇنيانىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشلىرىنى توغرا مۆلچەرلەپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، داۋاملىق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، يېڭى ـ يېڭى مەھسۇلاتلارنى بازارغا سالغان شىركەتلەر ئۆزىنىڭ تىجارەت يۆنىلىشىنى جەمئىيەتتىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن زور مىقداردىكى پايدىغا ئېرىشىدۇ.

زامانىمىزدىكى تونۇلغان ياش كارخانىچى ئابدۇللا ئۆمەرنى تىلغا ئالساق، ئۇ 1999 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ كومپيۇتېر بىلەن ئۇچراشقان ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىدىن كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئەپچىل، قولايلىق، ياندا ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان ئېلېكترون لۇغەتكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ بۇ خىل مەھسۇلاتنى ياساشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زامانىمىزدىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق كارخانا قۇرۇپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلېكترون لۇغەتتى بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بەردى. نۆۋەتتە بۇ كارخانا ھەتتا مەملىكەت مىقياسىدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالى يۇقىرى بولغان ئېلېكترون كارخانىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى ھەمدە ئۈزۈلۈكسىز تۈردە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلېكترون ئۇچۇر كەسپىدىكى باشلامچى كارخانىغا ئايلاندى.

مەيلى قانداق شىركەت بولسۇن،باشقا شىركەتلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى كەڭ كۆلەمدە بازارغا سالغان، مەھسۇلات پايدىسى بارغانسېرى ئازلاپ، بىرلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كەتكەن تەننەرخ ئېشىۋاتقان، بازاردىكى يول تارىيىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەبلەغ ئېشىنچىسى پەيدا بولىدۇ. ئېشىنچا مەبلەغ دەل كارخانىچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە بازارنىڭ كەلگۈسىدىكى يوشۇرۇن ئېھتىياجىنى توغرا مۆلچەرلەپ يېڭى تۈرلەرگە مەبلەغ سالغاندا بازاردىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. باشقىلارنى دوراپ، ئۇلار ئاللىقاچان بازارغا سېلىپ بولغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەكرار مەبلەغ سالغاندا كەلگۈسىدىكى پايدا ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ. مەلۇم مەزگىل تىجارەت قىلىپ قولغا پۇل كىرگەندىن كېيىن قولدىكى مەبلەغنى جەمئىيەتتىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغۇچىلار بولسا ئۆزىنى زورايتىپ مېڭىشتىكى بارلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئالاھىدە بىر دەۋر بولغانلىقى ئۈچۈن مەھسۇلاتلارنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتىدۇ. يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز تۈردە مەيدانغا كەلمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى ئۆمرىنى قىسقارتىپ، بازار ئېھتىياجىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىپ،مەھسۇلاتلارغا بولغان تەلەپنى ئۈستۈرمەكتە. بۇنداق شارائىت ئاستىدا كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات ئېچىش ئارقىلىق كونا مەھسۇلاتنىڭ سېتىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بازار تەرىپىدىن شاللىۋېتىلگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدۇ. كارخانىلار ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەھسۇلات ئېچىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كارخانىنى داۋاملىق تېخنىكا زاپىسىغا ئىگە قىلغاندا، داۋاملىق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ تۇنجى دۆلەت ھالقىغان شىركىتى «ئائىلە غەلىبە شىركىتى»نى ئالساق، ئۇ 150 يىل جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ھەر خىل تىپتىكى كىيىم ـ كېچەك ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇ بازار مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆز كەسپىنى ئالەم قاتنىشى ساھەسىگە بۇراپ، شىركەتنىڭ سېتىش سوممىسىنىڭ 80% تىدىن كۆپرەكى ئالەم قاتنىشىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلاردىن كېلىدىغان بولدى.

بازارنى ئالدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستېمال ئېھتىياجىنى تولۇق ئىگىلەپ، بازاردىكى ھەر خىل رىقابەتداشلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۆلچەرلەپ، كارخانىنىڭ كەلگۈسىدە بازار رىقابىتىدە دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ئالدىن قىياس قىلىش ھەم شۇ ئاساستا مەبلەغ سېلىش تەدبىرىنى بەلگىلەش كېرەك. بازار رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل تاۋارلارنىڭ بازاردىكى ئۆمرى بارغانسېرى قىسقىراشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بازارلارنىڭ كەلگۈسىدىكى يوشۇرۇن ئىستېمال كۈچى بىلەن بازارنىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشلىرىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئارقىلىق شۇ ئاساستا مەبلەغ سالمىغاندا، كارخانىنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن ئامېرىكىلىق ئالان كەي 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن كومپيۇتېرى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خۇسۇسىي كومپيۇتېر مەيدانغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى مازاق قىلغان ئىدى. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىغا مۇتلەق ئىشەنگەن IBM شىركىتى بىلەن مىكروسوفت شىركىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كومپيۇتېر قاتتىق دېتالى بىلەن يۇمشاق دېتالى تەتقىقات ساھەسىگە يۈرۈش قىلىپ، سېتىش ساھەسىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭەيتىپ، مۇشۇ ئەسىردە دۇنيادىكى ئەڭ روناق تاپقان شىركەتلەرگە ئايلاندى.

نۆۋەتتىكى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدە يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېچىشقا مەبلەغ سالىدىغان يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ياشلارنى دادىل ھالدا ئىشلىتىدىغان جۈرئەت بولسا ھەم كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىشلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەپ شۇنىڭغا قارىتا مەبلەغ سېلىش نىشانىنى داۋاملىق تەڭشەپ تۇرسا، ئۇيغۇرلاردا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئىشسىز يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورۇنلىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

## 10.كارخانا ماركېتىڭى

ماركېتىڭ ئىلمى كارخانىلارنىڭ بازاردىكى ماركېتىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سېتىپ بەرگۈچى تەرەپنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى قانداق قىلىپ ئىستېمالچىلار ياكى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ قولىغا

يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى پۈتۈن جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ سېتىپ بەرگۈچى نۇقتىسىدىن چىقىپ، قانداق قىلغاندا كارخانىنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى پائالىيىتىنى مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قوزغاشنى ئاساس قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ماركېتىنىڭ ئىلمىنىڭ قارىشىچە كارخانىنىڭ بازاردا غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ كارخانىنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ماركېتىنىڭ مۇھىتىغا ماسلىشىش ياكى ماسلىشالماسلىقىدا. بازار مۇھىتى كارخانىنىڭ ماركېتىنگىنىڭ مۇھىتىغا تولۇق ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بازارغا ماسلاشقانلار ئۆزىنى زورايتىپ بارىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى ئېنىق بولغان نىشاندىكى خېرىدارى بولماسلىق ۋە بازاردا تۇتقان تېگىشلىك ئورنى بولماسلىق ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا سەل قاراش ھەم ئېلان، تەشۋىقات ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق سەۋەبىدىن قىيىنچىلىق ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى ئالدى بىلەن ماركېتىنگغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ماركېتىنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە كارخانا باشقۇرۇشى دەۋرىنىڭ تەقەززاسىغا ئايلىنىپ قالدى.

بازار ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان بىر سىستېما، پەن - تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بازارنىڭ دائىرىسى ۋە بازارنىڭ مىقدارى ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن كېڭىيىپ بارىدۇ. بازاردىكى ھەر خىل تاۋارلارنىڭ تۈرى ۋە سانى ئېشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەھسۇلاتلار پەيدا بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بازار رىقابىتىمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر كارخانىچى ھەر قانداق بىر تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بازارنى ئالدىن تەكشۈرۈشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن نېمىنى ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلىشى كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئومۇمەن بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدا بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى بۇ خىل مەدەنىيەت مۇھىتىمۇ شۇنچە ياخشىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئىجتىمائىي ئۆلچەم ۋە قىممەت مىزانى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئەندىزىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش دائىرىدە ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ئىستېمال پائالىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ماركېتىنگنى پىلانلىغاندا ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلىپ، مەدەنىي كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ماركېتىنگنى پىلانلاشتا، ئەگەر ئۇنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ئۆستۈرۈلسە، ئىستېمالچىلارنى تاۋارنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىدىن سىرت مەلۇم مەنىۋى نەپكە ئىگە قىلىپ، سودىلىشىش جەريانىدىكى بەزى يامان تەسىرلەرنى تۈگىتىپ، سېتىۋېلىش پائالىيىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

كارخانا ماركېتىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نىشانى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ، مەھسۇلات سېتىش يوللىرى راۋان بولغاندىلا ئاندىن كارخانا ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭەيتىش ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ماركېتىنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كارخانا ۋە مەھسۇلات توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىستېمالچىلار ۋە ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كارخانا ۋە مەھسۇلاتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەممە ئۆز كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. سېتىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچىلىرى بولمىغان ھەر قانداق كارخانا بۈگۈنكى كۈندە بازاردا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

سودا ئېلانى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم پائالىيەت. ھەر قانداق بىر كارخانا مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئېلان ئارقىلىق مەھسۇلاتلىرىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. ئېلان ھەر قانداق بىر كارخانىچى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان تەشۋىقات قورالىدىن ئىبارەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زامانىمىزدىكى ھەر قانداق بىر كارخانىچى ماركېتىنىڭ بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇپلا قالماي يەنە ئېلان توغرىسىدا ئاز - تولا ساۋاتقا ئىگە بولمىسا ئەسلا بولمايدۇ. ئەگەر كارخانىچىدا ئېلان توغرۇلۇق مۇكەممەل بىلىم بولمايدىكەن، بازاردىكى ئېلان ۋاكالەتچىلىرى ئۇنىڭ ئېلان خىراجىتىنى ھەقسىز سوقۇپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. قاچان، قانداق ۋاقىتتا، قانداق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئېلان بېرىش كارخانىنىڭ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېلان ئىسراپچىلىقىنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن كارخانىچى ئېلان سەنئىتى توغرىسىدا بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە

بولمىسا بولمايدۇ.

ئېلان تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ مىسلىسىز تۈردە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ يېڭى تاۋارلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىش دەۋرى بارغانسېرى قىسقىراشقا قاراپ يۈزلەندى. ئەمما، ھەر خىل ئېلان، تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى قانچە كەڭرى بولسا ئېلان باھاسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ،تاۋارلىرىنىڭ بازارلاردىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان ئېلان ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

يېڭى تىجارەت باشلىغان مەبلەغ قۇرۇلمىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان داڭلىق تاۋار ماركىسى يارىتمىغان شىركەتلەر ئېلان بېرىشتە ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر قانچە خىل ئېلان ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارنى قاپلاش دەرىجىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئېلاننى تاللاپ، ئېلاننىڭ قاپلاش دائىرىسىنى تەدرىجىي تۈردە كېڭەيتىش لازىم. ئادەتتە ھەر قانداق بىر مەھسۇلاتنىڭ بازارغا كىرىش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، خارابلىشىشتىن ئىبارەت بىر قانچە دەۋرى بولىدۇ. كارخانىچىلار ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ بازاردىكى ئەھۋالىغا قارىتا بىر ياكى بىر قانچە خىل ئېلان ۋاستىسىنى تەڭلا قوللىنىش ئارقىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى ئەھۋالىغا قارىتا ئىش كۆرمىگەندە ئېلان ئۈچۈن زور مىقداردا خىراجەت ئاجرىتىپ تۈزۈك ھاسىلاتقا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ئېلان ئارقىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلغاندا ئېلان مەھسۇلاتنى سېتىشقا قارىتا سەلبىي رول ئوينايدۇ. ھەر قانداق بىر كارخانا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئويلىشىپ ئۆي سىرتى ئېلانى، باسما بۇيۇم ئېلانى، رەڭلىك چىراغ ئېلانى ۋە ۋىۋىسكا ئېلانى قاتارلىق ھەر خىل ئېلان ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك تۈردە پايدىلىنىش كېرەك.

## تۈگەنچە

ئۆتۈپ كەتكەن نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر جەڭگىۋار بولغان ئارمىيەسىگە ھەم بىر قەدەر ئىلغار قورال-ياراغلىرىغا تايىنىپ دۇنيانى بويسۇندۇرغان ئىدى. ئىنسانىيەت يېڭى بىر ئېراغا قەدەم قويغاندىن كېيىن تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرنىڭ ئاساسى مېلودىيەسىگە ئايلاندى. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەر ئۆزلىرى

ئىشلەپچىقارغان داڭلىق ماركىلىق تاۋارلىرى ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى كىرىمنى قولغا كەلتۈرۈپ باشقىلاردىن باياشات كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرقى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىدە بىر تۈركۈم داڭلىق كارخانىچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقمىسا نامراتلىقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ چىقىپ دۇنياۋى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر كارخانىچىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەندە تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلار زامانىۋى كارخانا مۇھىتىدا ياشاپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپلا قالماستىن يەنە مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇرى ئەنئەنىۋى تەپەككۇرنى ئاساس قىلىدىغان مىللەتتىن زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كارخانىچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بولغان ئەڭ زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللانغان مىللەتكە ئايلىنىپ چىقالمايدۇ ھەم نامراتلىقتىن، قاششاق روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇپ باياشات ھەم خاتىرجەم بولغان گۈزەل كېلەچەككە ئىگە بولالمايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1.«كارخانا باشقۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي بايان»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى.

2. قاھار تۇردى: «خۇسۇسىي شىركەت قۇرۇش يولى»شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2010 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى.

3.«كارخانا تىجارىتىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى»قانۇن نەشرىياتى، 2006 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى.

4. «MBA دا ئۆگەنگىلى بولمايدىغان ئەمەلىي ئەقىل-پاراسەت» جۇڭگو مۇھاجىرلار نەشرىياتى، 2000 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى.

5.«شىركەتنىڭ كۈچى»شەنشى نەشرىيات گۇرۇھى شەنشى مائارىپ نەشرىياتى، 2010 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى.


6.«شىركەت ئىمپېرىيەسى»خۇا ۋېن نەشرىياتى، 2010 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 1 - نەشرى.

7. قاسىمجان ئەھمىدى«ماركېتىڭ ئىلمى»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى

8.«ئېلانشۇناسلىق ئاساسلىرى»شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2002 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى.

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا




# مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەرىدىن چاتاق چىقتى؟

دۇنيانىڭ نەزىرىگە نائىل بولۇۋاتقان چوڭ دۆلەت — جۇڭگونىڭ ھەر بىر ئىشى يەرشارىنىڭ نەزەرىنى مەركەزلەشتۈرىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا جۇڭگو زادى نېمىسى بىلەن مۇشۇنداق جەلىپدارلىققا ئىگە بولغان؟ بۇ كۆرۈنۈشتىكى ھادىسىمۇ ياكى ئەمەلىي كۈچمۇ؟

ئايتور ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەۋلادى، يازغۇچى. ئۇ يەرشارى ئۈستۈنلۈكىدە تۇرۇپ، تولۇپ تاشقان ئىستراتېگىيىلىك قاراش ئارقىلىق شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيلىكتىكى ئەقىل-پاراسىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى جۇڭگودا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر مۇنچە مەسىلىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ماقالە ئوقۇرمەنلەرگە بىلىم بېرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتالايدۇ. جۇڭگونىڭ دۇنيانى يېتەكلەشكە ئىشتىراك قىلىشى، جۇڭگو-ئامېرىكا يۇقىرى قاتلام ئەربابلىرىنىڭ سۆھبىتى ۋە يەرشارى بويىچە ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش قاتارلىقلارغا يېڭىچە نەزەر سېلىشتا بىۋاسىتە يېتەكلەش رولىغا ئىگە.

ئەسلىي ژۇرنالنىڭ ئىلاۋىسى

## جاۋبېنشەننىڭ خۇا رۇڭ يولىدىكى مەغلۇبىيىتى

مەدەنىيەتنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىش مەسىلىسىدە جۇڭگونىڭلا بولىدىكەن چوقۇم دۇنيانىڭ بولىدۇ دېگەن ئىدىيەگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن پاكىت جۇڭگونىڭلا بولسا دۇنيانىڭ بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويدى. يەنە شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى ئامېرىكىغا ھەتتا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە كىرگۈزۈش دەيدىغان شوئار ئۇزاقتىن بۇيان پەسكويغا چۈشمەي كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن زادى نېمىلەرنى باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سۇنۇش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش لازىملىقىنى ئادەمنى چۆچۈتكىدەك ھالدا كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ توقۇپ چىققان ھېكايە ئەمەس، تۆۋەندىكى خەۋەرلەر ئۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

جۇڭگودىكى داڭلىق ئېتۇت ئۇستازى جاۋ بېنشەن جۇڭگو سەھنىلىرىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە. مەن ۋە مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر، بىر تالاي جۇڭگولۇق ئاغىنىلەر ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەنلا بولدى قىلمايمىز، بەلكى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىمىز. ھەر يىلى چاغاندا ئۇنىڭ نومۇرلىرىغا تەلمۈرۈپ جېنىمىزنى قىينايمىز. بىزنى ئۇنىڭ چەت ئەللەردىكى ساداقەتمەن مەستانىلىرى دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

2008-يىلى جاۋ بېنشەن ئۆمەك باشلاپ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلدى. يولبويى سۇر كۆرسەتتى، كۆرەڭلەپ ئالچاڭلاپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ پادىچىلار مەدەنىيىتىنى جۇڭگونىڭ سەھرا مەدەنىيىتى ئارقىلىق بويسۇندۇرۇشقا قەسەم ئىچتى. ئۆزى كەلمەي تۇرۇپ، ھەيۋىسى كېلىپ بولدى. نام-شەرىپى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچتى، ئاڭلىغانلا يەر ئۇپۇر-توپۇر بولدى. بېلەت باھاسى ھەدەپ ئۆرلىدى، جۇڭگولۇقلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ، تاقىتى تاق

تەرجىمە كۆزنىكى

بولدى.

جاۋ بېنشەن ئامېرىكىغا كېلىپ، خۇددى گۆەنيۇ خۇا رۇڭ يولىدا مەغلۇپ بولغاندەك مەغلۇپ بولغىلى تاس- تاس قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆپتىن- كۆپ قېرىنداشلار بىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. دۆلەت ئىچىدىكى يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىنىڭمۇ تولۇق يەتكۈزگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، جاۋ بېنشەن ئامېرىكىدا سەييارە ئويۇن قويۇش جەريانىدا، ئۇ ھەققىدە يېزىلغان سەلبىي خەۋەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھەتتا قانۇنغا چېتىلىدىغان ماجىرا كېلىپ چىقتى. گەرچە ئۇ ئامېرىكىدىكى ئويۇن مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، كۈرۈلمىگەن دەرىجىدە قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى دېگەن گەپتە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىي پاكىت ئۇنداق بولماي قالدى.

جاۋ بېنشەننىڭ نومۇرلىرى مەجرۇھلارنى، ئەقلى كەمتۈكلەرنى، كېكەچلەرنى، سېمىزلارنى كومېدىيەلىك مازاق قىلىش ۋە دوراش ئارقىلىق كۈرۈرمەنلەرنى كۈلكە بىلەن تەمىنلەشتە پۈتۈن جۇڭگوغا مەشھۇر، شۇڭا ئۇنىڭ نومۇرلىرىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مۇنداق قىلىشنىڭ جۇڭگودا كارايىتى چاغلىق، ھېچكىم ئەيىبلەپ يۈرمەيدۇ، ھېچكىممۇ بىئارام بولمايدۇ. قانچە مازاق قىلسا، شۇنچە قارشى ئېلىنىدۇ. قانچىكى ئوخشىتىپ دورىسا، شۇنچىكى قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ.

بىراق، ئامېرىكىدىكى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

ئامېرىكا ئىنسانىي ھوقۇقنى تەكىتلەيدىغان، باراۋەرلىككە ئىنتىلىدىغان، ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىرقىي ۋە فىزىيولوگىيەلىك كەمسىتىشنى توسىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان دۆلەت. ھەرقانداق بىرىگە قىلىنغان ھەر قانداق شەكىلدىكى كەمسىتىش ۋە مەسخىرىگە، بولۇپمۇ مەجرۇھلار ۋە ئەقلى كەمتۈك ئادەملەرگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىككە ھەمدە شۇ خىلدىكى سۆز- ھەرىكەتلەرگە ئامېرىكىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر تەبىئىي رەۋىشتە جان- جەھلى بىلەن قارشى چىقىدۇ، مۇنداق قىلمىشنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ.

جاۋ بېنشەن «مەجرۇھلارنى مەسخىرە قىلدى» دېگەن ئەيىبلەش ئويلىمىغان يەردىن سوتنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتتى. دەۋرەپ كېلىۋاتقان تەنقىد ۋە گۇمان تۈپەيلى، ئادەملەر شۇ ھامانلا جاۋ بېنشەننىڭ كۆزىگە قولىنى تىققۇدەك بولدى.

ئامېرىكىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى بى رۇشى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە: «جاۋ بېنشەننىڭ نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى چاكىنا، گەپ- سۆزلىرى سەت، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەزىم دەريانىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا يەنىلا بازار تاپتى. بېلەت باھاسى ئاسترونومىيەلىك سان بىلەن ھېسابلىسا بولغۇدەك قىممەت ياراتتى. جاۋ بېنشەننىڭ ئۆزى چاغاندىكى كېچىلىكنىڭ غوللۇق ئارتىسى سۈپىتىدە ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، جاۋ بېنشەن بۈگۈنكى جۇڭگودا يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى جۇڭگودا جامائەتنىڭ سەنئەت قىزغىنلىقى، مەنىۋى مەنزىلى ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆز مەنىسىدىكى مۇنتىزىم مەدەنىيەت چەتكە قېقىلدى. جاۋ بېنشەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تارىخنىڭ ھارۋىسىنى كەينىگە ماڭدۇرماقچى بولدى. كونا جۇڭگونىڭ كوچىلىرىدىكى يايمىلاردىلا بولىدىغان ھەييارلىقنى قايتىدىن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى گۆھەر تەرىقىسىدە كۆز- كۆز قىلدى، ئۆزىنىڭ خۇپسەنلىكىنى نامايان قىلدى. مۇشۇنداق بىر ھەزىلكەش تاماشىبىنلارنىڭ ئارزۇلۇق بالىسىغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا تۇۋا دېمەي بولمايدۇ!» دەپ يازدى.

نيۇيوركتىكى كەسپىي ئادۋوكات چېن مېي گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي: «جاۋ بېنشەن ئويۇن قويغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە ئادەمدىن تېلېفون كەلدى. ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۇنىڭ ئويۇنىنىڭ مەزمۇنىغا نارازىلىق بىلدۈردى. مەندىمۇ شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئىككىنچى كۈندىكى جىياڭ كۇن ئويناپ چىققان نومۇرلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جاۋبېنشەننىڭ بازارغا سالغان نېمىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. جاۋ بېنشەننىڭ ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار سەھنىگە چىقىپلا بىرىنچىدىن مەجرۇھلارنى مەسخىرە قىلدى، ئىككىنچىدىن سېمىزلارنى مەسخىرە قىلدى، ئۈچىنچىدىن روھىي كېسەللەرنى مەسخىرە قىلدى. ئۇنىڭ ئارتىسلىرى ئاقساق ـ چولاق قاتارلىق مېيىپ ئادەملەرنى دوراپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى باشقىلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۈستىگە ئۆرە تۇرغۇزدى. مېنىڭچە، جاۋبېنشەننىڭ ئۆمىكىدىكىلەر نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىسە، قايتا چەت ئەلگە چىقماسلىقى كېرەك. چۈنكى مۇنداق ئويۇن ئەگەر ئاساسىي ئېقىمنى تەكىتلەيدىغان جەمئىيەتكە كۆرسىتىلسە، ئويۇن قويۇش زالىنىڭ دەرۋازىسى نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان مەجرۇھلار ۋە سېمىزلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. جىياڭ كۇن باشلاپ كەلگەن جۇڭگو رادىيو سەنئەت ئۆمىكىگە قاراپ باقايلى، ئوخشاشلا ئادەمنى كۈلدۈرىدىغان ئېيتىشىش بولسىمۇ، مەزمۇنى ساغلام، ئاكتۇئال بولدى. سېلىشتۇرمىساقمۇ مەيلى، سېلىشتۇرساقلا ئادەم قورقىدىغان ئىش چىقىدۇ» دېدى.

نەق مەيداندىكى ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز بويۇنداشلىرى، گۈلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ، شامىسىنىڭ چاي بولۇپ كېتىشلىرى ھەر قايسى قاتلامدىكى تاماشىبىنلارغا ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم دوست تارتىدىغان مەستانىلەرگىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ، خالاس! ئامېرىكىدىكى بىر تاماشىبىن

ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھاجاتخانىدىكى بىر دۆۋە قەغەزنى چىرايلىق بولاق قىلىپ يۆگەپ، ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن قۇرۇقدىلىپ قالغان ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان. ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن، ئۇ ئۇنداق گول ئادەملەردىن بولمىسا كېرەك، ئۇ چوقۇم ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن، تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال بۇ ئىشنى پەسەنتىگە ئالمىغان، ئۇ جاۋ بېنشەننىڭ مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا قىلغان ھاقارىتى ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنماقچى بولغان.

ئۇنچىقمىغان ئادەمنىڭ كۈچى ۋارقىراپ ـ جارقىرىغانلاردىن قۇدرەتلىك بولىدۇ.

دۆلەت ئىچىدە يۈز مىليونلىغان تاماشىبىن چېكىسىگە گۇل قىلىپ قىسماقچى بولغان بېنشەن تاغىمىز ئامېرىكىغا كەلگەندە قاراپ تۇرۇپلا ۋاتىرلوغا دۇچ كېلىپ قالدى، ھەتتا كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتۋال دېگەندەك مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا ھاقارەت قىلدى، دېگەن جىنايەتنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇۋال بولدىمۇ؟ راست گەپنى قىلساق، ئۇۋال بولمىدى. ئېتىۋت دېگەن سەنئەت، مەدەنىيەت، لېكىن ئۇ تاماشىبىنلارغا يۈزلەنگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ تاۋارلىق الامىتىنى بىلىندۈرۈپ قويىدى. جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭ تاۋارلىق ئالامىتىنى ئالغىنى بىلەن، ئامېرىكىلىقلار ئالمىدى. ئامېرىكىلىقلار ئۇنى مەدەنىيەت خاسلىقى، مەنىۋى خاسلىق يىقىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭدىن بىزگە كەلگەن بېشارەت شۇكى، مەدەنىيەتنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن، باشقىلارنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سېنىڭ مەدەنىيىتىڭنى ئېلىش ـ ئالماسلىقىغا قاراپ بېقىشىڭ كېرەك. ئەگەر مەھسۇلاتقا ئايلانغان مەدەنىيەتتىكى روھنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۆيىڭنىڭ بىرەر بۇلۇڭىدا قويۇپ قويغان ياخشى.

## مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇشتىكى خاتا قەدەم

كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت مەھسۇلاتى يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش دېگەن بۇ كەسپى ئاتالغۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلدى. ئۇ ئەڭ باشتا ھازىرقى غەرب ماركسىزمىنىڭ فرانكفورت ئىلمى مەزھىپىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەردىن ھوكھېيم بىلەن ئادونو بىرلىكتە يازغان «ئويغاتقۇچى دىيالېكتىكا» ناملىق كىتابىدا پەيدا بولدى. مەدەنىيەت مەھسۇلاتى پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت فورماتسىيە ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىسادىي فورماتسىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشلەرنىڭ مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ماھىيەتلىك ئىگىلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كۆزەتتى، ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىنى ھاسىل قىلدى.

يەر شارى بويىچە ئىقتىسادىي كرىزىس ئەدەپ كەتكەن ئەھۋالدا، جۇڭگودا ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان مەدەنىيەت كىنو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتى «خۇايى ئاكا ـ ئۇكىلار»نىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە بازارغا كىردى، پايىنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلىدى ۋە جۇڭگودىكى مەدەنىيەت ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ كەسپنى ئادەملەر داڭقىېتىپ قارايدىغان ئۈستۈنلۈككە يېتەكلىدى. جۇڭگودىكى يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشى بىلەن، مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپى ئېقىمىنىڭ تەتۈرىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جوڭگو ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات شەكلىدە بۇرۇلۇش ياسايدىغان مۇھىم بۆسۈش ئېغىزى بولۇپ قالدى. تېخىمۇ قالتىس يېرى شۇكى، مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپنى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپ فورماتسىيەسىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىلىم قۇرۇلمىسى زىچ، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، تېخنىكىلىق تەركىبى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن، بۇلغاشتىن خالىي، تەكرار ئېچىشقا قولايلىق دەپ چۈشەندۈرۈش، ئۇنى ئەلا قۇرۇلما، كەڭ دائىرىلىك ئىستېمال ئىش ئورنىنى كۆپەيتىش، ھالقىشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا ھېچنەرسىدە يوق ئۈستۈنلۈك بىلەن تەمىنلىدى.

دۆلەت مىقياسىدا مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇشقا ئوت كەتتى. ھەر قايسى ئۆلكە ـ شەھەرلەر «ئېشەك ـ ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك بىر ـ بىرى بىلەن بەس ـ بەسكە چۈشتى. بىر ـ بىرىنى تاپ باستۇرۇپ قوغلىدى. ئەنخۇي ئۆلكىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپىدىكى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈنلۈكنى ئالدى بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، بۇ كەسپنى ئۆلكىنىڭ نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سەككىز تۈۋرۈك كەسپىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى، بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ يولغا قويدى. يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرى بويىچە سۆزلىگەندە، مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شەكلىدە بۇرۇلۇش ياساشنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارغا تازا ئوبدان يۆلەك بولدى.

داڭلىق يازغۇچى فېڭ جىسەي: «مەدەنىيەت مىراسلىرى ئاچسا بولمايدىغان نەرسە ئەمەس، لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش بىر تالاي يەرلىك

ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسى ۋە ئىچىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن چېتىشلىق بولۇپ قالدى. نەتىجىدە مەدەنىيەت مىراسلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىلگىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى غايەت زور دەرىجىدە زىيان تارتقان ۋە بۇزۇلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئىقتىسادىي كىرىزىس كېلىپ چىقىۋىدى، مەدەنىيەت تۇرۇپلا ئىقتىسادنىڭ سايىمىنىغا ئايلاندى. داۋاملىق يوسۇندا مەدەنىيەتتىن سەھنە ياساپ، ئىقتىسادنىڭ ئويۇننى ئوينايدىغان بولساق، يىگى بىر قېتىملىق تويۇق يولغا كىرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن» دەپ كېلىپ، ئىشنىڭ يېغىرنى ئېچىۋەتتى.

مەھسۇلاتلاشتۇرۇشنىڭ پېيىغا چۈشۈپ يۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى تولۇقى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتتى.

جۇڭگو مەدەنىيىتى يەنىلا پاكىز، نەپىس بولۇشىرىشتىن قالدى. ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان ئىش تۈگىدى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تىللا رەڭلىك يىگى كىيىمنى ئۇچىسىغا ئارتىپ، مەھسۇلاتلاشتۇرۇش ياكى تاۋارلاشتۇرۇشنىڭ ماركىسىنى چاپلىغاندىن باشلاپ، پۇل بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋەتنى ئورناتتى.

شۇنداق ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ: جۇڭگونىڭ مائارىپى مەھسۇلاتلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىم-پەننى ئەرزان ساتىدىغان، تالىشىپ ئالىدىغانلار شامالدەك قېيغىتىپ يۈرىدىغان ناچار ئەھۋال كېلىپ چىقتى. مائارىپنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇشنىڭ يولى توسۇلۇپ قالدى.

جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى كونا كاتاڭغا يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ كېتەرمۇ، ھۆزۈرلىنىش بەسخورلۇققا، يۈكسەكلىك چاكىنىلىققا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ تارىختىكى تاسادىپىيلىققا بىر نېمە دېمەك تەس.

## يەڭگىلتەكلىك قىلىۋاتقان تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى تالاشمىسىمۇ بولىدىغان پاكىت. لېكىن، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ياخشىلىنىشىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە مېڭىۋەردى. تەسىرى تازا كۆپتۈرۈلدى. جەمئىيەتنىڭ كىرسىلا بولىدىغان ھەر قانداق قاتلىمىغا ئۆزىنى سۈركەپ باقتى. مۇشۇلاردىن چىققان تۇغۇندى مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلاتلاشتۇرۇلۇشى، ئادەملەرنىڭ ئويۇنقېيى بولۇپ كېتىشى، مەنپەئەتنىڭ كەينىدىن سوكۇلداش ۋە پۇلپەرەسلىكنى ئاساسىي نىشان قىلىش قاتارلىقلار ئادەملەرگە جىن چاپلاشقاندەك چاپلاشتى.

مەدەنىيەت ئارتۇقچە كالاپايلىشىپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ ماڭغاندەك تۇيدۇرماي تۇرۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى يەڭگىلتەكلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى.

بىز تېلېۋىزورنى ئاچقان ھامان، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە، شەھەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە ھەممە قانالدا دېگۈدەك ناخشا-ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەرخىل ئېقىملار سۆزمەنلىك قىلىۋاتقان مۇنبەرلەرنى، داڭلىق شەخسلەر، ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، مەدداھلىق قىلىۋاتقانلارنى، سەتەڭ تاللاش، شاھزادە تاللاش... قاتارلىق ئىشلارنى كۆرىمىز... ئۇلاپلا يەنە شۇ داڭلىق شەخسلەر، ھۈنەرۋەن، ئويۇنچىلارنىڭ رەسمىي تارىخقا كىرمىگەن سەرگۈزەشتىلىرى، زىيارەت سۆھبەتلىرى، خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئېچىۋېتىش، تاپ باستۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلەش، ناشايان ئىشلار... ئەڭ ئاخىرىدا داڭلىق شەخسلەر بىلەن ھۈنەرۋەن-ئويۇنچىلارنىڭ سورۇنىغا قوشۇلغان ئۇرۇق-تۇغقانلار، ئەل-ئاغىنىلەر، ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى، ئۇلاپ ئاڭلىتىشلار، دوست تارتىشلىرى... قىسقىسى قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ، بۇلبۇللار سايرايدۇ. كېپىنەكلەرنىڭ ئۇ گۈلدىن بۇ گۈلگە قونۇشلىرى كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىدۇ، سۇنىڭ يۈزىدە تىنمىسىز تەۋرەۋاتقان دولقۇنلار پەيدا بولىدۇ.

نەتىجىدە جىددىي تېما تەرىقىسىدە يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك، بايان قىلىشقا بولىدىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت غايىۋى مەنزىرە توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ. بار دېگەندىمۇ قولداشقا ئوخشاپ قالىدۇ. نايناقلاۋاتقاندەكلا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەزمۇنى ئاددىي، زورۇقۇپ قېلىۋاتقان، ۋاي دېگۈچىلىك ماغدۇرى يوق. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئۇنىڭغا تېخى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن چولپانلارنىڭ ئىلىپتەك قامىتى، سودا ئېلانلىرى چوقۇم قوشۇلغان بولۇشى كېرەك. چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلار جۇڭگودىكى ئاساسلىق ئۆلكە-شەھەرلەرنىڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولساقمۇ، ياكى ۋىچىرلاۋاتقان قارلىغاچ، سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىلا كۆرىمىز، ياكى بولمىسا ناخشا-ئۇسسۇللاردىكى راھەت-پاراغەتنى كۆرىمىز. قايسى قانالنى ئاچساڭ سايلا «يۇلتۇزلۇق داغدام يول»غا ئوخشاپ كېتىدىغان ناخشا-ئۇسسۇل مۇسابىقە نومۇرلىرى يامان ئەمەس دېگىلى بولغان بىلەن ھەممە يەرگە چات كېرىۋالغان، راستىنى ئېيتقاندا غازاڭدىنمۇ تولا.

ئامېرىكىدىكى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، مەخسۇس كۆڭۈل ئېچىش قانال‌لىرىدىن باشقا، دۆلەت رەھبەرلىرى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا مەشھۇر شەخسلەر بىلەن ھۈنەرۋەن-ئويۇنچىلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن پەشتاققا چىقىرىپ قويىدىغان ئىش مۇتلەق ئاز ئۇچرايدۇ.

سىلىشتۇرۇپ قارىساق، پۈتكۈل جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن ھۈنەرۋەن ـ ئويۇنچىلاردىن ئايرىلالمايدىغاندەك، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا خەۋەرمۇ بولمايدىغاندەك، يەتكۈزۈش ۋاستىلىرىمۇ بولمايدىغاندەك، جۇڭگومۇ بولمايدىغاندەك بىر ئەھۋال.

تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى يەتكۈزمەكچى بولغان بايلىق ناھايىتى كەم، ناھايىتى چەكلىك، يۈزمىليونغا يېقىن نوپۇسى بار چوڭ ئۆلكىلەردىمۇ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاران بىر ـ ئىككى. قەغەزگە تايىنىدىغان يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى بىلەن تورغا تايىنىدىغان يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى قانچە دېسەڭ شۇنچە. قوبۇللاش نىسبىتى بىرمىليارد 400 مىليون بولغان تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى دۆلەتنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەتكۈزۈش بايلىقىنى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن ھۈنەرۋەن ـ ئويۇنچىلارنىڭ نومۇر ئورۇنلىشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن بۇزۇپ ـ چاچسا، ناماشىبىنلار بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى خاتا يولغا يېتەكلىمەي نېمە قىلىدۇ؟

جۇڭگونىڭ ھەقىقىي مەنىۋى كۈچى نەدىن كېلىدۇ؟

## زىيادە چوڭايتىلغان ۋە پاخاللاشقان چولپانلار

تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۆۋەجەپ كېلىۋاتقان شىددەتلىك دولقۇننىڭ روبىروسىدىكى جۇڭگولۇقلار، ئۇنداق ئويلىنىپ، مۇنداق باش قاتۇرۇپ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى يالغۇز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى.

چولپان بولۇش چۈشىنى كۆرۈپ، بىيجىڭدا توگۈلۈپ ياتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا «شىمالغا كېلىپ لەيلەپ يۈرگەن» چوڭ قوشۇننى مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ دېگەن سان بىلەن ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. بېيجىڭ كىنو ئىنستىتۇتىمۇ ھەر يىلى دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئونمىڭنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، ئىمتىھانغا قاتناشماقچى بولغانلار دېڭىزنىڭ سۈيىدەك مەۋج ئۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن يەر ـ زېمىن تىترەيدۇ.

ئوچۇق دېمىگەن بىلەن، كىنو ـ تېلېۋىزىيەدىكى كۆڭۈل ئېچىشنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇرتقىسى ئەمەسلىكى ھەممەيلەنگە ئايان. ئۇ سېپى ئۆزىدىنلا ئىشنىڭ سىرتىدا ئىستېمال قىلىدىغان ۋە ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشتا ئەسقاتىدىغان قوشۇمچە بۇيۇم بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ دېسەك قاراملىق قىلغان بولارمىز، لېكىن ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈش ۋە چاغلاشتۇرۇش دۆلەت پۇقرالىرىنى نىشانىدىن ئازدۇرۇش، تۇيۇق يولغا ماڭدۇرۇش، ئۇلارنى تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال، بىر پۈۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان توزغاقتەك قىلىپ قويۇشتىن باشقا ھېچنەرسىگە

يارىمايدۇ.

گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەك، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپى، مەشھۇر شەخسلەر ۋە ھۈنەرۋەن ـ ئويۇنچىلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ھەمدە مەھسۇلاتلاشتۇرۇشنىڭ پىلەك تارتىپ تېخىمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىشىغا لازىم بولىدىغان بىلىم بىلەن ماھارەتكە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى سەرخىل كوللېكتىپمۇ بولالمايدۇ. بۇ ساھەدىكى رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن، بىراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىق تۇغما تالانتقا ياكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ناخشا توۋلىيالايدىغان ئاۋازغا، قەددى ـ قامەتكە، چىرايغا، قىرانلىققا، پۇرسەتكە ۋە يوشۇرۇن قانۇنىيەتلەرگە باغلىق بولىدۇ.

بازارنىڭ بۇ خىل ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئازدىنمۇ ئاز، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنى مەشھۇر شەخس، چولپان دەپ ئاتاشقا كىمنىڭ چولىسى؟

ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى دېڭىز تاشقىنىدەك كۆۋەجەۋاتقان، تارقىتىش ۋاستىلىرى ھەمدەم بولۇپ دوست تارتىۋاتقان، سان ـ ساناقسىز ياش بوغۇنلار چولپان بولۇش يولىدا چۈش كۆرۈپ، نىيىتىدىن يانمايۋاتقان، بىرى يىقىلسا يەنە بىرى ئىز بېسىپ مېڭىۋاتقان، كۆپتىن ـ كۆپ ئائىلىلەردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ سەنئەتكە يۈزلىنىۋاتقان، مەشھۇر شەخس، چولپان بولۇش كويىدا ئەمەلگە ئاشمايدىغان چۈشنى كۆرۈۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگو كىنو ـ تېلېۋىزىيە تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئۆزىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسا قانداق بولار؟

كىنو ـ تېلېۋىزىيە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى جۇڭگودىكى كېچىلىك تۇرمۇشنى قالتىس قىزىتىۋەتتى، بولۇۋاتقان سودىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ناخشا ـ ئۇسسۇل زاللىرى، قاۋاقخانىلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرەكلىرى ئادەم پۈتلىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپەيدى، يوق يەر قالمىدى. ئەمەلدارلاردىن تارتىپ سودىگەرلەرگە، ئالىملاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغا، قېرىلاردىن تارتىپ باللارغا قەدەر، ھەممەيلەن دېگۈدەك ۋاقىت تاپسىلا ناخشا ـ ئۇسسۇل مەشىق قىلىدىغان، كېچىلىك تۇرمۇش قايىنىمىدا ئۆزىنى ئوخشىتىپ باقىدىغان، گېلى يىرتىلغۇدەك ناخشا توۋلايدىغان، پۇت ـ قولى سۇنۇپ كەتكۈدەك ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار مەغرۇر كۈلكىسى بىلەن ئاي ـ دالالارنى ھەيرانۇھەس قىلدى، ماھارەت جەھەتتە نى ـ نى مەن ـ مەن دېگەنلەرنى بېسىپ

چۈشتى.

مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش كەسپىنىڭ شىددەت بىلەن راۋاج تېپىپ، مەنىۋىيەت قاتلىمى جەھەتتە بىر دۆلەتنىڭ نۆلنى بۆسۈپ ئۆتۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان تۈۋھپە. لېكىن، مەدەنىيەتنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇش ھەددىدىن زىيادە پاخاللىشىپ كەتسە، دۆلەتنىڭ يەتكۈزۈش ۋاستىلىرى بايلىقى ئىقتىماي-تىمىتماي سەرخىللارنى تاللاش رىقابىتىدىكى ئۇنىۋېرسال تاماشىغا ۋە مەشھۇر شەخس، ھۈنەرۋەن-ئويۇنچىلارغىلا سەرپ قىلىنىدىغان ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ ئىش چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەڭگىلتەكلىك مۇشۇ يەردىن بىخ تارتىدۇ، ئېچىدۇ.

## جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئەسلىيەتلىكنىڭ چەكلىمىسى

ئەمەلىيەتتە، يېزىقچىلىقنى ئەتىۋارلاش، ھۈنەر-ئويۇنغا سەجدە قىلىش جۇڭگو تارىخىدا داۋاملىشىپ كەلگەن بەزى ئادەتلەر بىلەن ئازدۇر-كۆپتۇر مۇناسىۋەتلىك، بۇ يەردە ئۇنى ئەنئەنە دەپ ئاتاپ تۇرىمىز.

جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىدىن تەۋەللۇت بولغان تەشرىپدارلىق تۈزۈمىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئەدەب-ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمەت ئىنتايىن زور. تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىنىڭ سوئاللىرى ئىنچىل يوسۇندا شېئىر-نەزم، ماقالە-پۈتۈكلەر بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ كەلگەنىدى.

قىزىق يېرى شۇكى، بۇ ئەدەب-ئۆلىمالار شېئىر، رەسىم، يېزىقچىلىق قاتارلىقلاردىن ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلالىغانلىقى، ئېغىزدىن چىققانلىكى گەپنىڭ شۇ ھامان كىتاب بولالىغانلىقى، ئاھاڭ بولسىلا ئۇنىڭغا كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقى، يېڭىنى پۇلاڭلىتىپلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلىقىغا كۆرە ئوردا-قەسىر، ئاۋام-پۇقرانىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولالايتتى، مۇنداق مۇھىتتا، ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سۆزمەنلىك قىلالمايدىغان، ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان ئىلىم-پەن خىزمەتچىسىنىڭ ئوردا-قەسىر ئالقىشىغا سازاۋەر بولالمايدىغانلىقىنى، ئوردا-قەسىرنىڭ ئۇلارنى يۆلىمەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

مۇشۇنداق ئەسلىيەتلىكتىكى جۇڭگونىڭ مىللىي مەدەنىيىتى تارىختىن بۇيانقى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئىدراكىي ئىنچىكىلىككە ئىگە، قېتىرقىنىپ جاپالىق ئىشلەيدىغان ئىلىم-پەن ئەربابلىرىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئوبرازلىق تەپەككۇرىغا تايىنىپ، هارماي-تالماي مەدداھلىق قىلىدىغان ئەدەب-ئۆلىمالارنى بارلىققا كەلتۈردى. نەتىجىدە، جۇڭگونىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخى مۇساپىسىدە ئەدەب-ئۆلىمالار غازاڭنىڭ ئورنىدا كۆپەيدى، ئىلىم-پەن ئىختىراچىلىرى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە جۇڭگولۇقلاردىن كۇڭزى، مېڭزى، لاۋزى، جۇگې لياڭ، «سۇبويىدا»نىڭ ئاپتورى شى نەيئەن، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئاپتورى لو گۇەنجۇڭ، «غەربكە ساياھەت»نىڭ ئاپتورى ۋۇ چېڭئېن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ ئاپتورى ساۋ شۆچىنلار قالدى.

ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئەدىب ئەمەس؟

ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ ئىختىراچىلىرى-مىخ مەتبەنىڭ ئىختىراچىسى بىشىڭ، ملتىق دورىسىنىڭ ئىختىراچىسى سۇن سىماۋ، قەغەزچىلىكنىڭ ئىختىراچىسى سەي لۇن قاتارلىقلارنى بىلىدىغانلار بىر نەچچىگىمۇ يەتمەيدۇ، كومپاسنىڭ ھەقىقىي ئىختىراچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى تا بۈگۈنگىچە ئېنىق ئەمەس. يۇقىرىدىكى ئەللامە ئىختىراچىلار ئوقۇش كىتابلىرىدىكى بىرەر ھېكايىدىلا ساقلىنىقلىق. ئۇلارنىڭ نامى دۇنياغا پۇر كەتكەن دېيىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى قالاقلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى كۆزنى قاماشتۇرغىدەك نۇرلۇق. ئۇ مەيلى يېزىقچىلىق، رەسساملىق، مەيلى خەتتاتلىق مەيلى دېكلاماتسىيە، ياكى مەيلى شېئىر-نەزم، ناخشا-قوشاق، مەسنەۋى بېغىشلىما قاتارلىق جەھەتتە سانسىز تالانت ئىگىلىرى ۋە ساھىبجامالارنى تۇغۇپ چوڭ قىلدى.

تۇرلۇك-تۇمەن ئىشلار بوراندەك قىيغىتىپ بۇ كۇنگىچە داۋاملاشتى. ئۆلىمالار، نازىنىنلار جۇڭگونىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە فېئودال خانلار تەرىپىدىن ئەتىۋارلاندى، ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشى ئوردىغا ۋە جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمىگە ئايلاندى. شۇنداقلا تەبىئىي رەۋىشتە ئۇلارنى مەنسەپكە تەيىنلەشكە ۋەدە بېرىش، تەشرىپدارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق شەرتى بولۇپ قالدى.

ئوردا مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى پۈتۈن-سۈرۈك مەدەنىيەتنىڭ تارمىقى.

دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالغان، دۆلەت خەزىنىسىدىكى پۇلنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ھوقۇقدار قاتلام هاراق-شاراب بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ، قۇشلار سايراپ تۇرغان باغۇبوستانلاردا تاماشا قىلدى. قەلەملىرىنى ئوينىتىپ، سىياھ بىلەن ھەپىلىشىپ نەزم پۈتتى، بېغىشلىما يازدى. شېئىرىي مىسرالارنى ئوينىتىپ، رەسىم سىزىپ يۈردى. قايناق ھېسسىياتقا تولغان ماقالىلەرنى تەييار قىلدى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھەقىقىي دۇنيا

بىلەن ئادەملەر ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان غايەت زور ھاڭنى پەيدا قىلدى.

ئۇلارنى قانداقمۇ پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش خىيالىدا بولدى، يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىلمىي ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلدى دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلار دۆلەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقان، پارىخورلۇق، قانۇنسىزلىق بىلەن شۇغۇللانغان يەردە، زور مىقداردىكى پۇلنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان پەن ـ تېخنىكىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىشلىتەرمىدى؟

يېزىقچىلىقنى ئەتىۋارلاش، سودا ـ سانائەتنى تۆۋەن كۆرۈش، يېزىقچىلىقنى چوڭ بىلىپ، پەن ـ تېخنىكىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئەمەلىيەتتە تەدرىجىي ئۆزگىرىپ جۇڭگونىڭ يېقىنقى دەۋردىكى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان يامان جاراھەت بولۇپ قالدى.

## مەدەنىيەتنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا تەمكىن بولۇش، تاللاش بولۇش كېرەك

جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئامېرىكىغا ھەتتا دۇنياغا كىرگۈزۈش شوئارى ئۇزاقتىن بۇيان پەسكويغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەدېسىلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىپ، چىققان يېرىگە قايتىپ تۇردى. دۇنياغا تارقالغان جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى «جۇڭگولۇقلار كوچىسى»، «جۇڭگو شەھەرچىسى» دېگەن نام بىلەن دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. چۈنكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ۋە ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن سىمۋوللۇق تەرەپلىرىنى بۇ يەردىن ھېچقانچە قىينالمايلا تاپقىلى بولىدۇ. نەچچە ئەسىر ئۆتتى، ئۇزاق يىللار بولدى، ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولدى. جۇڭگونىڭ كۆچمەن ئاھالە تۇركۇمىگە تازا جايىدا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بۇ شەرتلىك بەلگە ھەر قانچە ئۆزگىرىپمۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوقاتمىدى. جۇڭگو كوچىسى ۋە جۇڭگو شەھەرچىسى دېگەنگە قەدەم قويغان ھامان ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغىنى قاينام ـ تاشقىنلىق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قاتار كەتكەن ئاشپۇزۇللار، ھۆسن تۈزەش سورۇنلىرى، تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ قويىدىغان ئورۇنلار، پۇت يۇيىدىغان خانىلار، ئۇنىڭدىن باشقىسى مەينەتچىلىك، قىيقاس ـ سۈرەن، قالايمىقانچىلىق. ئۆمۈر بويى مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقان كۆچمەنلەر يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇرتىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ. ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ، سۆزلەشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۆزىنى ئاساسىي مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ سىرتىدا قويىدۇ، يېقىنلىشىشىمۇ كېتەلمەيدۇ، يىراقلىشىشىمۇ كېتەلمەيدۇ.

مەدەنىيەت پەن ـ تېخنىكىغا ئوخشاش ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى شەكىل ئارقىلىق خەلقئارا بىلەن بىر دەمدىلا تۇتىشىپ كېتىدىغان نەرسە ئەمەس. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ۋە سىڭىپ كىرىشى كۆلىمى كەڭ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ يەردىكى سەۋەب شۇكى، مەدەنىيەت دېگەن تارىختا تىندۇرما بولىدىغان نەرسە، ۋاقىت خاراكتېرى، خاسلىقى، باشقىلارنى چەتكە قېقىش ئالاھىدىلىكى بار. شۇڭا، مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىشى پەقەتلا خەلقئارادىكى باشقا مەدەنىيەت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. ھەقىقىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىقى بولمايدۇ. ئۇ ئەبەدىلئەبەد شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. خۇا شيا مەدەنىيىتىنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىش قەدىمى ھەر قانچە دەبدەبىلىك بولغاندىمۇ، مۇۋاپىق يوسۇندا تىنىۋېلىپ تۇرۇپ، دەرۋازىدىن چىقىشنىڭ ئۈنۈمىگە قاراپ باققان تۈزۈك، مۇنداق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەدېسىلا ئالغا قاراپ ئېتىلىشقا قارىغاندىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەتنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا يەنىلا تەمكىن بولۇش، يەنىلا تاللاش بولۇش تېخىمۇ قىممەتلىك.

كرىستىيان.جىن (ئامېرىكا) ئاپتورلۇقىدىكى بۇ يازما «كىتابلاردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن **ئىمىن ئەھمىدىي** تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر،

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991



# ياپونىيەدىكى «ئىشسىز» ئانىلار

ئادىلە ئىسمائىل

مۇشۇ كۈنلەردە، ئايىغى ئۈزۈلمەس قاتار چاي ۋە يىغىلىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قاقشىمايدىغان ھېچكىم يوق. بىراق ئۇنىڭدىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزگەن ۋە بۇ بىزارلىقتىن باشقىلارنىمۇ دادىل توسۇشقا جۈرئەت قىلالىغان ئادەم كۆپ ئەمەس. «ئادەمگەرچىلىك» تىن ئايرىلىپ سۆز-چۆچەككە قېلىشتىن، يالغۇزلۇق تارتىشتىن قورقىدۇ ئەتىمالىم. دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر شەخس مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا بېرىش-كېلىش، ئالاقىلىشىش دائىرىسى، مەسلىھەت سورايدىغان، دەرد-ئەسرارىنى ئېيتىپ، پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئوبيېكتى بولىدۇ. بىراق بۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇشنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ۋە يېڭىچە شەكىل بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئىمكانىيىتى بارمۇ-يوق؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشنى خالايدىغان خانىم-قىزلار مېنىڭچە ئاز ئەمەس.

ھەددىدىن زىيادە ھاراق-شاراب، قىيقاس-چۇقانلىق بەزمە سورۇنلىرىنىڭ ئائىلىگە، جەمئىيەتكە، مىللەتكە كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنىنى ھەممىمىزنىڭ ھېس قىلغۇچىلىكى بار، بەزى سورۇنلار ئەرلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىپ، ئاياللىرىمىزنى ئازاپ ۋە تۈللۇققا، تەستە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئائىلىمىزنى تېخىمۇ ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتكە دۇچار قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل سورۇنلار نارەسىدە باللىرىمىزنىڭ بىغۇبار قەلبىگە قاڭسىق ھىد، زەھەرلىك تۇزانلارنى سىڭدۇرۇپ، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى، ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنى، مىللىي ئەقىدىمىزنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. بۆشۈك چىيىدىن تارتىپ بۆشۈكى بىلەنلا سورۇنغا كۆنۈپ، سورۇندا چوڭايغان پەرزەنتلىرىمىز قۇرامىغا يەتمەيلا ئىچىش-چېكىشنى باشلاپ، ئاتا-ئانىنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇپ، بېلىنى ئۇشتۇۋاتىدۇ.

بىز ئۆز خۇشلۇقىمىز ئۈچۈن ئىچىپ-ئويناپ، جاھاننى ئۇنۇتقان شۇ مىنۇتلاردا سوغۇق ئۆيدە تۆت تامغا ھەمراھ بولۇپ تەنھالىقتىن زېرىككەن، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىدىكى چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئۆگىنىشتىن رايى قايتقان باللىرىمىزنىڭ نېمىگە موھتاج بولۇۋاتقىنىنى، نېمە ئويلارغا چۆكىدىغىنىنى ئەسلا خىيال قىلمايمىز. يەيدىغىنىنى تەخلەپ، ھەممىنى مۇۋاپىق تەڭشىدىم، جاي-جايىدا ئورۇنلاشتۇردۇم، دەپ ئويلايمىز-يۇ، پۈتۈن ئائىلە بىر داستىخاندا كۈلكە-چاقچاق بىلەن غىزالىنىپ، پىكىر-پاراڭ بىلەن تېلېۋىزور ياكى كىتاب كۆرىدىغان شۇ قىسقىغىنە كەچقۇرۇننىڭ باللار ئۈچۈن قانچىلىك زور خۇشاللىق، مەنە ئېلىپ كېلىدىغىنىنى ھېس قىلمايمىز. باللىرىمىز مەكتەپتە نومۇرنى تولۇق ئېلىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇيالىسا، «ئاتا-ئانىلار يىغىنى»دا يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالمىسىلا بېشىمىز كۆككە يېتىپ، كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ. بىراق، بۇ ۋاقىتلىق ئوقۇش نەتىجىسى ھېچنەرسىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. ياخشى تەربىيە ياخشى نومۇردىن مۇھىم. ئالىم بولۇش تەس ئەمەس، ئادەم بولۇش تەس. باللاردا توغرا نىشان، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش؛ ئەڭ مۇھىمى كۆڭۈللۈك، ئەخلاقلىق ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ساپالىق قەلب يارىتىش، كۆڭلىگە ساپ، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەرنى

سىڭدۈرۈش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ تۈنجى ۋە ئاخىرقى ۋەزىپىسى.

ئەقىدىمىزنى سۇسلىتىپ، ئەخلاقىمىزنى بۇلغاۋاتقان، روھىمىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئائىلە ۋە مىللەتنى خاراب قىلىۋاتقان مەنىسىز سورۇنلارنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇپ، ئائىلىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى كۆپرەك بېغىشلىساق بەلكىم ھېلىھەم نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇرالىشىمىز مۇمكىن.

مەن بىر ئانا ۋە ئايال بولۇشتا ياپونىيە خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ناھايىتى لاياقەتلىك ئۈلگە بولالايدىغىنىنى قەدەممۇ قەدەم ھېس قىلىپ يېتىۋاتىمەن. شۇڭا ئۇلارنى ئۇيغۇر ئاياللىرىغىمۇ چوقۇم تونۇشتۇرۇش زۆرۈر دەپ ئويلىدىم.

ياپونىيە ئاياللىرى، توي قىلغاندىن كېيىن ئائىلىدە پەرزەنت تەربىيەسى ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مۇھىم دەپ بىلىدىغىنىنى كۆپلىرىمىز ئاڭلىغان. بىراق، بۇ ئىش زادىلا مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيتتى. 2004 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ياپونىيە ھەققىدىكى بىر ماقالەمدىمۇ بۇ ھەقتە ئازغىنە توختالغان ئىدىم. ئارىدىن 7 يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۆزۈممۇ بىر مەزگىل ئائىلە ئايالى بولۇپ ئۆتۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئاندىن بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتتىم.

مەن خىزمەت ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئائىلە ئىقتىسادىنىلا ئەمەس، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ھەم شۇ خىل تەشەببۇسچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قوللىغۇچىلىرى ئىدىم. ياپون تىلى مەكتىپىدىكى چېغىمدا ئەگىرى پۈتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەكمۇ ئوماق ۋە چىرايلىق، مارى ئاتلىق مۇئەللىمەنىڭ تويدىن كېيىن خىزمەتتىن چېكىنىمەن، دېگەن «ئەخمىقانە» سۆزى ئۈچۈن بەكمۇ ھەيران بولغان ھەم شۇ چاغدىكى يېڭى ئۆگەنچۈك ياپونچە تىلىم بىلەن خېلى مۇنازىرىلىشىپ باققان ئىدىم. 2005 ـ يىلى تۈركىيەگە بارغان چېغىمدا يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلىغان ئۈچ نەپەر ئىستۇدېنت قىز بىلەن يەتكۈچە تالاشقان. ئۇلارنى قايىل قىلالماي ھەتتا: «سىلەرنىڭ شۇنچە جاپا تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇشۇڭلار، ياخشى ئەرگە تېگىش ئۈچۈنمۇ؟» دەپ رەددىيە بەرگىنىم ئېسىمدە. ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەيلا، ئەلۋەتتە، ئەمىسە سەنچۇ؟ دەپ قايتۇرۇپ سورىغان ئىدى. مەن بىلىدىغان پۈتۈن تۈركچەمنى ئۇيغۇرچىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز مەنتىقەمنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتىم:

ــ ئاياللارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا دۇنياسى، ئورنى بولۇشى كېرەك. بىز ئەرنىڭ، ئۆينىڭ قۇلى بولۇپ قالساق بولمايدۇ. ئۆگەنگەنلىرىمىزنى جەمئىيەتكە ئىشلەتمىسەك، تېخىمۇ كۈچەيتمىسەك ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟

ــ بالىلىرىڭنى تەربىيەلەيسەن، ئائىلەڭنى يېتەكلەيسەن، شۇنىڭ ئۆزى جەمئىيەت ئۈچۈنغۇ؟ تەربىيە ئالمىساڭ شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىسەن؟ ئۇ چاغدا ئاقىل ئەرلەر سېنى تاللامدۇ، ئائىلەڭ بەختلىك بولالامدۇ؟

ــ ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئەرلەر تاللىمىسا سەن ياشىيالمامتىڭ؟

ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. بىراق يەنە تالاشمىدى. جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، ئىجتىمائىي ئالاقىنى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن چوڭ بىلىدىغان دىنى بىر، يولى باشقا مەندەك قېرىندىشىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. مەنمۇ ئۇلارنى كونىلىق، ئەنئەنىۋىلىكنىڭ مۇرىتلىرى دەپ تونۇيتتىم.

مىسىرلىق دوستۇم سافا نەچچە يىل بۇرۇن ياپونىيەدىكى ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. شۇنچە ئىشلىگەن ئىدىيەۋى خىزمەتلىرىمۇ ئۇنىڭ قارارىنى ياندۇرالمىدى. قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدەك دۇنيادا نامى بار ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېرىشىش ئاسان گەپمۇ؟ يەنە كېلىپ يولدىشىمۇ سافانىڭ رايى ۋە پىكرىنى قوللايدىغان خۇشخۇي، ئوقۇمۇشلۇق، چوڭ بىر شىركەتنىڭ ئىزباسارى ئىكەن. ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا كىرگەن قىزىنىڭ ھالىدىن كۆپ چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسى خەۋەر ئالىدىكەن. خىزمەتكىمۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم ماشىنىسىدا بېرىپ، ئۆي ئىشلىرىنى سائەتلىك خىزمەتچى ياللاپ قىلدۇرىدىكەن. ھېچقانداق بېسىم، جاپا يوق تۇرۇپمۇ نېمىشقا ئىستېپا بېرىدۇ؟ زادى كاللامدىن ئۆتمەيتتى.

ــ ماگىستىرلىق ئوقۇشۇمنى تۈگەتتىم، ياپون تىلى ئۆگىنىشتىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرماقچى بولسام ئەمدى ئۆزۈممۇ ئىلگىرىلىيەلىگۈدەك ئاساس سېلىۋالدىم، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا قىيالمىسام ئائىلەمگە تەسىر يەتمىگەن ئەھۋالدا ۋاقتىنى ئۆزۈم بېكىتىپ، سىرتتا ئىشلىسەم بولىدۇ. بىراق قىزىم مەكتەپكە كىردى. ئەمدى ئۇنى يېتەكلىمىسەم بولمايدۇ. يولدىشىمنىڭ خىزمىتى جىددىي، ئۆيۈمدىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆردۈڭ. ئەمدى مېنىڭ پۈتۈن كۈنلەپ سىرتتا خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىم يوق. ئەمما پىلانلىرىم بار. ياپونىيە ۋە مىسىر مەدەنىيىتى ھەققىدە كىتاب يازماقچىمەن، بۇندىن كېيىن پۈتۈن ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ ۋاقتى، رايى بويىچە ئورۇنلاشتۇرالايمەن. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ ــ دەپ كۈلەتتى ئۇ.

دەرۋەقە، قاھىرەدە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان مەزگىلىمدە، ئۇنىڭ ئۆي تۇتۇشتىكى بىسەرەمجان، قالايمىقانچىلىقىدىن ئىچىم پۇشقان ۋە بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىشنى ئېيتقان ئىدىم. بىراق ئۇنچىلىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن خىزمەت تاشلىمايمۇ چىققىلى

بولاتتىغۇ؟ ئۇ ئاخىرى دىگىننى قىلدى. مەن دۇنيادىكى ئۈچ قىتئەنىڭ بىر ئېقىمدىكى بۇ «مۇتەئەسسىپ» ئاياللىرىنى ئىشچان ۋە ھەممىگە يېتىشلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سېلىشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا ئۇلگە قىلىپ، بىرەر نەرسە يېزىش خىيالىدا ئىدىم. بىراق، خىزمەت، ئوقۇش، بالا ھەلەكچىلىكى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالغۇدەك، ھەتتا قېنىپ ئۇخلىغۇدەك پۇرسەتمۇ خېلى زامانلاردىن بېرى ماڭا نېسىپ بولماي كەلدى. ۋاقىت ۋە شارائىت ئىلكىمگە ئۆتكەندە بولسا، ئۇلگىنىڭ ئوبيېكتى ئالمىشىپ، ئۆزۈممۇ ئىختىيارسىز، بۇگۇنگىچە قارشى چىقىپ كېلىۋاتقان «مۇتەئەسسىپ»لەر مەيدانىغا تەۋە بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ۋە ئۆزۈمنىڭ يېڭى باشلىغان تەجرىبەمنى ئۇيغۇر ئاياللىرىغىمۇ تونۇشتۇرغۇم كەلدى.

ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان 9 يىلچە ۋاقىتتىن بېرى نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۇم، بىلدىم. ئۇلارنى يېزىپ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىششىنى ئويلىدىم ھەم يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ماقالەمدە بۇ ھەقتە ۋەدىمۇ بەردىم. بىراق، ياپونىيەدە ياشاۋاتقان پۈتۈن ئىنسانلارغا ئوخشاشلا مەنمۇ جىددىيچىلىك ۋە رىقابەت قاينىمىغا غەرق بولۇپ، پىلانلىرىمغا ئېشىنالمىدىم. ئوقۇشۇم پۈتتى. ھامىلدارلىق ۋە بالا تەربىيەسى سەۋەبى بىلەن ۋاقىتنچە خىزمەتتىن توختاپ، ئائىلە ئايالى بولدۇم. خىزمەت ھارغىنلىقى، ۋاقىت بېسىمى يوق بۇنداق يەڭگىل تۇرمۇش تېزلا ماڭا يېقىپ قالدى. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ كۈنلەردە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچى ۋە ئانىلىق سالاھىيىتىنى ئائىلە ئايالى بولۇپ تۇرغاندا ھەممىدىن بەك ھېس قىلىدىكەن. ئائىلىنى، ئەر ۋە باللىرىنى ھەممىدىن بەك ئويلايدىغان بولىدىكەن. شۇنچە يىللاردىن بېرى مانا ئەمدىلا ھەممە ئىشلىرىم ئىزىغا، ئېدىتىغا چۈشكەندەكمۇ ئويلاپ قالىمەن.

ناشتىدىن كېيىن يولدۇشۇمنى خىزمەتكە، باللىرىمنى باغچىغا ئۇزىتىۋېتىپ، تېلېۋىزوردىكى كۈندىلىك خەۋەرلەرنى قانال يۆتكەپ تولۇق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، رادىيو ياكى ئۈنئالغۇنى قويۇۋېتىپ، ئەتىگەنلىك جىددىيلىكتىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىقلارنى بېسىقتۇرىمەن. ئۆيدىكىلەر چۈشلۈك تامىقىنى ئىش ئورنى ۋە باغچىدا يېگەچكە، كەچكىچە بولغان ۋاقىت ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. كىتاب ئوقۇيمەن، ماقالە يازىمەن، كۇرۇژۇكلارغا قاتنىشىمەن ياكى باشقا ئائىلە ئاياللىرى بىلەن چۈشلۈك تاماققا بارىمەن. بازار ئارىلاپ، نەرسە-كېرەك سېتىۋالىمەن. ھېچ نەرسە سېتىۋالمىساممۇ ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يېڭى-يېڭى مەھسۇلاتلارنى كۆرۈپ تونۇشىمەن.

مەن ياپونىيەگە كېلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم، بىلدىم. ئويلاپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان يېڭى شەيئىلەرنى توكيو بازارلىرىدا ئۇچراتتىم. بىراق، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەر يەنىلا قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇرىدۇ، ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆيگە، ئۆيدىكىلەرگە نېمە كېرەك، بايقايمەن. كىرىم - چىقىمنى ھېسابلاپ، باھانى سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك سودا قىلىشقا تىرىشىمەن. ھەممىلا ئادەم ئاددىي ۋە يەڭگىل كىيىنىپ، ھەشەمەتنى ئۇنتۇغان بۇ جەمئىيەتتە ھەپتە ئاخىرىدىكى چايغا كىيىپ بارىدىغان يېڭى كىيىم، كۆتۈرىدىغان داستىخاننىڭ غېمى بولمىغاچقا ئېشىنغان پۇلغا سالامەتلىك، قولايلىق ۋە خۇشاللىق بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. قايتىپ كېلىپ، كۆكتات شورپىسى، مېۋە سۈيى، سالات دېگەندەك نەرسىلەرنى ماشىنىدا نەچچە مىنۇتتىلا تەييارلاپ بولكا بىلەن چۈشلۈك تامىقىمنى تۈگىتىمەن. سالامەتلىككە پايدىلىق، سەمرىتمەيدىغان بۇنداق يېشىل يېمەكلىكلەر ياپونلارنىڭ ئۈزۈلمەس تەشۋىقاتىدىن بىزگىمۇ سىڭىپ، ماي ۋە تۇزغا زورلايدىغان قورۇما تاماقلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. غىزادىن كېيىن ئۆيدە تۇرۇپ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئىشلەيدىغان تەرجىمە خىزمىتىمنى قىلىمەن. 2-3 سائەت داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، سائەت 5 ئەتراپىدا يەسلىگە باللىرىمنى ئالغىلى بارىمەن. ئۇلار مېنىمۇ ئويۇنغا سۆرەيدۇ. قورۇدىكى بالا ئوينىتىۋاتقان باشقا ئانىلارغا ئوخشاش مەنمۇ بىر ھازا ئۇلارنىڭ قىيقاس- چۇقانلىرىغا ھەمراھ بولىمەن. ئاندىن يولدۇشۇمنىڭ قايتىپ كېلىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىمەن. ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدىكىدەك نېمە تېز پىشسا شۇنىڭ بىلەن ئەمەس. قۇۋۋىتى، ئوزۇقلۇق، سالامەتلىك قىممىتى دېگەنلەرنى ئۆلچەم قىلىپ، كىتاب، تېلېۋىزورلاردىن يېڭى- يېڭى تاماق تۈرلىرىنى ئۆگىنىپ، ياپونلارنىڭ تىلى بويىچە پۈتۈن ھېسسىياتىمنى سىڭدۈرۈپ ئېتىمەن. بىراق بۇ ئىشلار ماڭا ئىلگىرىكىدەك بېسىم، ئاۋارىچىلىك ئەمەس، ئەكسىچە كۆڭۈللۈك، خۇشاللىق بېغىشلايدىغان بولدى. سائەتكە قاراپ تۇرۇپ دەل يولدىشىمنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىگە ئۈلگۈرۈپ تەييار بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىدىغان بولدۇم. ئېچىرقاپ، چارچاپ كىرگەندە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسسىق تاماقنىڭ ھوزۇرىنى كىم ھېس قىلمىسۇن؟ ئۆيلەرنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ، تاماق ئۈستىلىنىمۇ ئەڭ يېڭى، ئەڭ خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن كۈن ئارىلاپ بېزەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايمەن. مۇنچا، تازىلىق ئۆيلىرىنىمۇ كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلەر بىلەن توختىماي ياسايمەن، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن. ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئۆيدىن ئايرىلىپ، خىزمەتتە چارچىغان، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتقان يولدىشىم ۋە ئۇنىڭ ئەڭ زور شادلىقى بولغان باللىرىمنىڭ راھەتلىنىشى، ھوزۇرلىنىشى، ئائىلە خۇشاللىقىنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن. ئائىلىمىزدىكى يېڭى ئىش تەقسىماتى مېنى تەبىئىيلا شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى.

ئۆزۈمدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزۈملا ئەمەس، مېنى

بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ. ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ ئەڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، تىپىك «ئەركىن ئايال» بولغىنىمغا قارىماي، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۆز رايىم، ئارزۇيۇم بىلەن قىلىۋاتاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئائىلە ئايالى بولۇپمۇ باراۋەرلىك دەرىجەم تۆۋەنلەپ كەتمىدى، ئەركىنلىكىم بوغۇلۇپ قالمىدى. ئەكسىچە مېنى ھەرقاچان ئىسكەنجىسىدە سىقىپ تۇرغان ۋاقىت ۋە يوقلىمىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ ئەركىن، ئازادە بولۇپ قالدىم.

بىز ئۇيغۇر ئاياللىرى ئائىلە ۋە خىزمەتنىڭ جاپالىق قوش ۋەزىپىسىنى باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بىمەھەل خورىتىمىزمۇ ـ قانداق؟ ئەمەلىيەتتە، ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ئۆزىلا ھەرقانداق خىزمەت بىسمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئەر كىشى ئىش ئورنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسا، ئايال ئەرنىڭ، بالىلارنىڭ، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئۆزىمىز ۋە پۈتۈن ئائىلىنى قىيناپ تاپقان ئازغىنە ئىقتىسادىي كىرىم بىز يوقىتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى قاپلىيالارمۇ؟ تولدۇرالارمۇ؟

ئىلغار ئەللەردىكى ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان تەربىيەسىمۇ بىزدىن كۆپ ئىلگىرىكەن. بىز يەنە نەچچە ئون يىلدىن كېيىنمۇ قوبۇل قىلىپ بولالمايدىغان ئانىلىق ۋە ئاياللىق بۇرچىنى ئۇلار نەچچە ئون يىل بۇرۇنلا تونۇپ يېتىپتۇ. دەرۋەقە، بۈگۈنكى دەۋر ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتىدۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئۆزۈكسىز كۆزگە كۆرۈنۈپ، سەنئەت، سودا ساھەلىرىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ، ھەتتا ئەرلەر قىلالمىغاننى قىلىۋاتىدۇ. بىراق، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئانىسى قوچاقتىكى، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلىرىنى باشقىلارغا ئامانەت قويۇپ، خىزمەت ۋە شەرەپ ئۈچۈن جاپاغا بىزدەك ئۆزىنى ئۇرمىسا كېرەك. بالىلار قولدىن چىقىپ، ئائىلىنىڭ يۆكى يەڭگىللىگەندە ئاندىن جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ياكى تويى ۋە ئائىلە قەپىسىنى بىراقلا تەرك ئېتىپ، بارلىق زېھنى ۋە كۈچىنى جەمئىيەتتە كۆرستىش ئۇلاردىكى پەرقلىق ئۆزگىچىلىك، ئەلۋەتتە. جەمئىيىتىمىزدە تېخى خالىغاندا ئىش تاشلاپ، خالىغاندا يېڭى ئىش تاپالايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغىنى يوق. ئەڭ مۇھىمى نەچچە يىل ئىش تاشلاپمۇ قايتىدىن خىزمەتكە كىرىشەلەيدىغان جۈرئەت ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئاياللار بىزدە تېخىمۇ يوق. بىزمۇ ئۇشۇق كىيىم ۋە چاكىنا «ئۇلتۇرۇش»لارنى تاشلاپ، چەت ئەللەردىكى شۇ ئاياللارغا ئوخشاش دۇنياۋى تىللارنى ئۆگەنسەك، ئۆيىمىزگە كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئورناتساق، ئۇلاردەك ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، جەمئىيەت بىلەن تەڭ ماڭالىساق، ئۇلارنى بالا تەربىيەلەش ۋە ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈشكە ئىشلىتەلىسەك، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ساھەدە ئىزدىنىپ، ئاز ـ تولا تىرىشساق قايتا خىزمەت تاپالماسلىقتا ئىشەنمەيمەن، يەنە كېلىپ ھازىر ئىختىساسلىقلار ئۆزىنى كۆرستىدىغان سورۇن بارا ـ بارا كۆپىيىۋاتىدۇ. مۇستەقىل ئىگىلىك، شەخسىي كارخانىلار بۇنىدىن كېيىن ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى كولاپ ئىگىلىك تىكلىگەن بۇ كارخانىچىلار ئادەم تونۇشىنى، ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا دەيمەن، ئۆزگىرىشكە تېگىشلىكى ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ كاللىمىز، كاللا ئۆزگەرسە جەمئىيەت ئۆزگىرىدۇ.

ئەقەللىيسى بىزدە تارىخنى، ئەجدادىنى، ئەنئەنىسىنى بىلمەيدىغان ئانىلار، ئانىلارلا ئەمەس دادىلارمۇ ساناقسىز. بىز ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىز ھەققىدە ئۆگەنسەك، كۈندە بىرەر بەت بولسىمۇ كىتاب كۆرسەك، ئۇنى بالىلىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا قۇيالىساق، چىن تۆمۈر باتۇر، نۇزۇگۇم، سادىر پالۋانلارنى تونۇتالىساق، يۈرەكنى تىترىتىدىغان نازۇك، ئېسىل خەلق داستانلىرىمىزدىن ھوزۇرلاندۇرۇپ، مەنىسى چوڭقۇر مەسەل ـ چۆچەكلىرىمىزدىن ئىبرەت بېرەلىسەك، مۇشۇ يوسۇندا ئۇلارنى يىلتىزىغا تەبىئىي باغلاپ، مىللىي ئاڭ، ئادەم بولۇش ئېڭىنى سىڭدۈرەلىسەك بۇمۇ بىزنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتىمىز.

ئەمەلىيەتتە، بىز چوقۇنىدىغان ئامېرىكا، ياپونىيەلەرنىڭمۇ بىزگە ھەۋەس قىلىدىغان جايلىرى بار. ماشىنىلاشقان سانائەت ئەللىرىدە بارا ـ بارا بەربات بولۇۋاتقان ساپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ساددا ئەمما مۇستەھكەم قانداشلىق، مەھەللىداشلىق، يۇرتداشلىق، ئادەمخۇمارلىق، مېھماندوستلۇق، چوڭ ـ كىچىكلەر ئارىسىدىكى ھۆرمەت ۋە پەردىشەپ بىز ۋە بىزگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئەللەردىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئېسىل خىسلەتلەر. ئۇنى ئەۋلادلارغا ئىزچىللاشتۇرىدىغىنى بولسا بىز ئانىلار. ئانىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنداق ئاددىي ھەم يەڭگىل مەسىلە ئەمەس. ئۇلاردىكى ساپا، ئەخلاق، ئېتىقاد بالىلارنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ يىلتىزى.

مەن كۆپلىگەن دۆلەتنىڭ ئاياللىرى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشتىم. مۇقىم خىزمىتى يوقلىقىدىن ئەرگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئىش ۋە خىيال بىزدىن باشقا ئەللەردە يوقكەن. تەبىئىيكى، بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى جەمئىيەتتىكە، ئىقتىسادقا دۆڭگەپلا قۇتۇلالمىز. چۈنكى ھەممىنى مۇھتاجلىقا يۆكلەيدىغان، مۇھتاجلىقنى كىمنىڭ يارىتىدىغىنىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان روھىي ئاجىزلىق بىزنى ئاللىقاچان يېڭى مۇھىت قۇرالمايدىغان، ئۆزگىچە يول تۇتۇشقا قىزىقمايدىغان، بېشىنى ئېچىگە تىقىپ، شامالنىڭ

يۈنىلىشكە بېقىپ ئۆتىدىغان قىلىۋەتكەن. ناۋادا بىز ئائىلە ئىش تەقسىماتىدىكى بۇ غەيرىي تەكپۇتلۇقنى باشقىچەرەك شەكىلدە چۈشىنىپ باقساق، يەنە باشقىچەرەك نەتىجە چىقارمۇ ـ قانداق؟ مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرىدىكى ئەرلىك غۇرۇر، ئاياللاردىكى ئاياللىق بۇرچ سۇسلاپ، ئەر ئەردەك، ئايال ئايالدەك بولمايۋاتقىنى ئۈچۈن... دېگەندەك. ئەرلىرىمىز پۇل تاپالمايدىغان، يەنە كېلىپ كۆپ تاپالمايدىغان ئايالنى خالىمايدۇ، ئىشسىز خوتۇندىن ھەتتا نومۇس قىلىدۇ. ئاياللىرىمىزمۇ جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن، تەسىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، خەق كىيگەننى كىيەلمەي، ئەرنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن قورقىدۇ. بىرىمىزنىڭ مائاشى ئۆينىڭ غېمىنى قىلسا، يەنە بىرىمىز ئادەمگەرچىلىك ۋە بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىساق بولمايدۇ، دەيدۇ. بىراق شۇنچە جان تىكىپ ئىشلەپ تاپقان پۇل چاكىنىلارچە بەسلىشىپ ئوشۇقتىن ئوشۇق كىيىۋاتقان كىيىم ـ كېچەككە، توي ـ سورۇن، ھاراق ـ شارابقا سۇدەك ئېقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشقىنى بالىلار باغچىسى ۋە بالا باققۇچىلارغا... بىز نېمىشقا بالىلىرىمىزنى، ئائىلىمىزنى سالامەتلىكىمىزنى دوغا تىكىپ پۇل تاپىمىز؟ يەنە نېمىشقا ئۇ پۇلنى روھىمىزنى، تېنىمىزنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرگە خەجلەيمىز؟ مەن بەزى چەت ئەل ئاياللىرىنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ئەر ـ ئاياللىق ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتى ھەرگىزمۇ نوقۇل ۋە ئاددىي ئەمگەك قۇرۇلمىسى ئەمەس. بەلكى، ئەجدادلارنىڭ مول تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئاقىلانە كۆز قارىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن ئەرلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئاياللارغا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بېرىدىكەن. ئەرنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، بىردىنبىر يۆلەنچۈكى سانايدىغان، ئىللىق ۋە كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتىنى ساقلاش ئۈچۈن تېخىمۇ جان كۆيدۈرىدىغان قىلىدىكەن. ئايال كىشى ئەرگە تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان، ئەرنىڭ خىزمەت بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى سۆيۈندۈرۈشكە تىرىشىدىغان بولىدىكەن. ھەممىدىن مۇھىمى، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق يېقىنلاپ، بالىلار كۆڭلىدىكىنى ئەركىن ئېيتالايدىغان، ئازادە، دوستانە كەيپىيات شەكىللىنىدىكەن، بۇنداق ئىناقلىق بالىلارنىڭ قەلبىگە ئەڭ كۆركەم، ئەڭ خۇش پۇراق گۈللەرنى تېرىيدىغىنىدا شۈبھە يوق.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ئىشچانلىق ۋە پاكىزلىق ھەقىقەتەن ماختىنىشقا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئالاھىدە خىسلەت. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۆزلىرىنى بەختلىك سانىسا بولىدۇ. ياپونلار ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى ۋاق مۇنچىغا چۈشىدۇ. ئەتىگەن كىيگەن كىيىمنى كەچتە جەزمەن يۇيىدۇ. پۈتۈن بەدىنىدىن پاكىزلىق، خۇش پۇراق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بىراق، ئۆيىگە كىرسىڭىز ئۆي ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن، قالايمىقانچىلىقىدىن ئىچىڭىز سىقىلىدۇ. مىسىردىمۇ بۇنداق پاراكەندە ئۆيلەرنى كۆپ كۆردۈم. ئالدىنقى يىللىرى مەكتەپنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىمدا، قوشنا ئۆيلەردىكى قىزلار دائىم بىر ـ بىرىمىزنىڭكىگە كىرىپ چىقاتتۇق. مېنىڭ قوشنىلىرىم كورېيە، ئىسرائىلىيە، ئىتالىيە، چېخ، جۇڭگو، تۈركىيە ۋە مىسىرلىقلار بولۇپ، ئۇلارمۇ خۇددى ياپونلاردەك قاچانلا قارىسا مۇنچا ۋە كىر يۇيۇش ئۆيىدىن چىقمىغىنى بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ، ئادەم ئۆتكۈسىز قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بەخىرامان ياشايتتى. بىزدەك ئۈچ ۋاق قازان بېشىنى چۆرگىلەپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قورساقنىڭ غېمىدە يۈرىدىغان ئىشقۇ ئەسلا يوق. مەن ئۇلارغا بىز ئۇيغۇردا ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆي تازىلايمىز، كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىمىز، دېسەم گېپىمگە ھېچكىم ئىشەنمىدى.

دەرۋەقە، پاكىزلىقتا، ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشتا بىزدەك ئەستايىدىل، ماھىر ئاياللار دۇنيادا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. (تۈرك ئاياللىرى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ پاكىزلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ، پاكىزلىق بەلكىم تۈرك قان سىستېمىسىدىكىلەرگە ئورتاقلىق بولسا كېرەك) بىراق، ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى بۇ ئىشچانلىق ۋە زىيادە خىزمەت قىزغىنلىقى ئەكسىچە ئەرلىرىمىزدىكى يۆلىنىۋېلىش ئىدىيەسىنى، بېلى بوشلۇق ۋە بەسخورلۇق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋاتامدۇ ـ قانداق؟

بالىلارنىڭ مەكتەپتىن يانىدىغان ۋاقتى بىزنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمىزدىن ئەلۋەتتە بۇرۇن، ئەمما ئۇلار ئۆيگە قايتسا سوغۇق تۆت تامدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، بىر ـ ئىككى كۈن تېلېۋىزور كۆرۈپ باقىدۇ، زېرىكىدۇ. ئاغىنىلىرى بىلەن ئوينىغۇسى كېلىدۇ. سۇغا چۆمۈلگۈسى، ئىنتېرنېتقا كىرگۈسى... چوڭلار قىلما دېگەننىڭ ھەممىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. ئويۇن بىلەن قورساقنى، ئۆينى ئۇنتۇپ بىزگە ساراسىمە بەلكى ئاپەت كەلتۈرىدۇ. ئەر ئىشتىن كەلگەندە بىز بەلكىم ئۆيگە ئۇنىڭ كەينىدىنراق كىرىمىز ياكى چارچىغاندا بىردەم پۇت ـ قولىمىزنى سۇنۇۋالغۇمىز كېلىدۇ. تاماق تەييار بولغۇچە دىۋاندا ئېغناپ يېتىپ، تىزگىنەكنى ئويناپ ئولتۇرغان ئەرنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن تاقىتى تېشىپ كېتىدۇ ـ دە، «بىرەر كۈن ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئاش پىشمىغى تەسقۇ بۇ ئۆيدە» دەيدۇ. بىزنىڭمۇ دەيدىغىنىمىز تەييار، «مەنمۇ سەندەك ئىشلەپ كەلدىم. ئېتىۋاتىمەنغۇ!...» ئەر بارا ـ بارا قورساق دەل ئاشقاندا ئەسقاتىدىغان، كۆڭۈل ئاغرىقى يوق سىرتتىكى تەييار تاماققا ئۆگىنىدۇ. جاپا تارتىپ ئەتسەم يەيدىغان ئادەم يوق دەپ، بىزگىمۇ يارىشىدۇ ـ دە، سەن تاپقان

پۇلنى مەنمۇ تېپىۋاتقاندىكىن، دېگەندەك قىلىپ باللارنى ئەگىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭىمىز، ياكى باللارنى ئۆيدىكى قاتتىق- قۇرۇقلا زورلاپ، سورۇن، رېستورانلاردىن يىغەپ كېلىدىغان زەللىمىزگە كۆندۇرىمىز، ئۆينىڭ بەرىكىتى قاچىدۇ، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى توزۇيدۇ، ئۆزئارا مېھىر سۇسلايدۇ.

ئۆتكەن يىلى يېقىن بىر دوستۇم، قىزىنىڭ يېمەكلىك رېئاكسىيە بېرىش كېسىلى سەۋەبىدىن ھەر كۈنى ئۆيدىكىلەرگە ۋە قىزىغا ئايرىم تاماق تەييارلاپ، قەرەللىك دوختۇرغا كۆرسىتىپ ناھايىتى چارچاپ كېتىۋاتقىنىنى، خىزمەتكىمۇ تەڭ چېپىپ، بېسىمدىن ئۆزىنى بالدۇر تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتقىنىنى، ئەمما خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىشنى ئېيتقاندا يولدىشى قەتئىي قارشى تۇرغىنىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ، ھەرگىز خىزمەتنى تاشلىمايدىغان ئىشنى قىلما، ئەر كىشى دېگەندە يۈز يوق، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش بولمىسۇن، دەپ يەل بەرگەن. دەرۋەقە، قىسمەن ئەرلىرىمىزدىكى يۈزسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، جەمئىيەتتىكى بەزى چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقچىلىقلار بىزنى ئىشەنچ، ئۈمىدلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ، گۇمانخور، دىلىغۇل قىلىپ قويىدى. ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە، ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا ئىشەنمەيدىغان، ھەممىدىن شۈبھىلىنىپ، ھەممىدىن نارازى بولۇپ ئۆتىدىغان كەيپىيات بىزدىكى ئورتاق كېسەلگە ئايلاندى. بىراق، ھەممىلا ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، ئەڭ نۇقسانلىق ئەردىمۇ ئائىلىسىنى، باللىرىنى قوغداش ئېستىكى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بىز ئۇلارغا گۇمان ئەمەس، ئىشەنچ؛ تاپا- تەنە ئەمەس، مېھىر بەرسەك؛ ئامالسىزلىقتىن ئەمەس، چىن كۆڭلىمىزدىن كۆيۈنسەك، بۇ چوقۇمكى ئۇلار ئۈچۈن رىغبەت، كۈچ- قۇۋۋەت بولىدۇ. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئۆز- ئۆزىگە ئىشەنچى ئاشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى شۇنداق نەرسە، قارشىلاشقانچە ئەكسىگە ماڭىدۇ. يول قويساڭ يۇمشايدۇ. بىز ئۇلارغا ئىشىنىپ باقايلى، ئەرلىك غۇرۇرىنى ئويغىتىپ باقايلى. ھېچ بولمىغاندا خىزمەت بېسىمى ئېغىر ئائىلىلەردە ئاياللار ئەرلىرىمىزنى خەققە تاشلاپ بەرمەي ئۆزىمىز كۆتەيلى. باللىرىمىز ئانا مېھرىگە قانسۇن. قازان بېشىغا باغلىنىپ، ئەرگە قۇل بولۇپ ئۆتەمدىم دېگەن ئەخمەقانە قاراشتىن، ئۇلۇغ قۇرۇق غۇرۇردىن ۋاز كېچەيلى. ئەر- ئايال باراۋەر بولمىز دەپ ئەكسىچە يۈكىمىزنى ئېغىرلىتىپ، تېخىمۇ بەكرەك تەڭسىزلىككە قېلىۋاتقىنىمىزنى بايقايلى. بىز خىزمەت قىلىپ، پۇل تېپىپ بەرگىنىمىز ئۈچۈن، قازان بېشى ھەرگىز ئەرگە ئۆتۈپ قالمايدۇ. چارچىساقمۇ، قاقشىساقمۇ ئۇ بەربىر بىزگە تۇغۇلغاندا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت. ئەمما بۇ قۇللۇق ئەمەس. ئەرلەر بىز ئۈچۈن، باللىرىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، بىز ھەم ئەر ئۈچۈن باللار ئۈچۈن ياشايمىز. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ ھەر كىم ئۆزى تېپىپ ئۆزى بۇزۇپ، مائاشتىن سىرتقى مۇكاپات، پاراۋانلىق دېگەنلەرنى يوشۇرۇپ خەجلەپ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە مەززىسى؟ پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، ھاياتتا پۇلدىن مۇھىم نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۆزلۈك، مۇستەقىللىق دەۋاسى يۇقىرى، ھەممىنى يېگىپ ياشاش ئىستىكىدە ياندىغان ئاياللارنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن. ئەپسۇس، كەسىپتە نەتىجىلەر قازانغان، ئەرلەرنى تاڭ قالدۇرغان، پۇل تاپقان، نام تاپقان ئاياللاردىن تۇرمۇشتا بەختلىك بولغانلىرى قانچىلىك؟ ئېرىشكەن ھەممە نەرسىلىرىم بەدىلىگە ئاددىي، ئىللىق بىر ئائىلە سېتىۋالالسام، مۇھەببەت، بەخت سېتىۋالالسام، كاشكى...دەپ ئۆكۈنەركەن بىر كۈنلەر.

ياپونىيەدە، ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە ئەڭ پۇلدار، ئەڭ داڭلىق ئۈچ ئايال چولپاننىڭ باللىرى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ، جازاغا تارتىلدى. ياپونلارنىڭ ئېسىل بىر ئادىتى شۇكى، مەسئۇلىيەتكە چېتىشلىق ئوبيېكت مەيلى يات، مەيلى ئۆز بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋالدا سەۋەنلىكنى ئاۋۋال ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۈچ ئانا ئوخشاشلا، باللىرىنىڭ جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىشنى جەمئىيەت ياكى يامان گۇرۇھنىڭ تەسىرىدىن دەپ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تەربىيەلىمىگىنىدىن، باللار ئۈچۈن تولۇق ۋاقىت ئاجرىتالمىغانلىقىدىن دەپ ئۆكۈندى. ئاردىن بىرى: «ناۋادا مۇمكىن بولسا مەن بالامنى قايتىدىن تۇغۇپ، ئۆزۈممۇ ئادەتتىكى ئانا بولۇپ، باشتىن تەربىيەلەيتتىم. مەن خىزمەت بىلەن ئالدىراش ھەم جەددىي ئۆتكەن چاغلىرىمدا، بالامنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىشلار بىلەن بولۇۋاتقىنىنى سېزەلمىدىم. ئۇنىڭغا ئۇ مەندىن كۈتكىنىدەك كۆڭۈل بۆلەلمىدىم. مېنىڭ بۇ سەۋەنلىكىم بالامنى جىنايەت يولىغا مەجبۇرلىدى» دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەك تەسىر قىلدى. بۇ، بىزمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك نازۇك مەسىلە. بۇرۇن جىنايەتنىڭ ئاساسىي مەنبەسى نامراتلىق بولسا، ھازىر بايلىق ۋە پاراۋانلىق بولۇۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغان ئۆسمۈر ۋە ياشلارنىڭ تولىسى ئاتا- ئانىسىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش، ئىقتىسادى ئەۋزەل، ئەمما ئائىلە مۇھىتى بۇزۇلغان باللاردۇر.

چوڭ ياشتىكى ياپونلار ياشلاردىن قاقشايدۇ، نارازى بولىدۇ. ھازىر تۇرمۇش زىيادە ئەۋزەل، بىياشات، ھەممە نەرسە تەييار. ئۇلار بىزنىڭ بۇ قولايلىقلارنى قانچىلىك ئېغىر جاپالار بىلەن ياراتقىنىمىزنى، ئەينى ۋاقىتتىكى غۇربەتچىلىك، قىيىنچىلىقلارنى مۇتلەق بىلمەيدۇ. شۇڭا مەنئۇيىتى ئاجىز، بەرداشلىق كۈچى يوق. راھەت تۇرمۇش

ئەمەلىيەتتە ئادەمنى بۇزىدۇ دەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ بۇ نۇقتىنى پەيدىنپەي تونۇپ يېتىۋاتىمىزغۇ؟ دەۋر تەرەققىياتىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. بىراق، باشقىلارنى ساۋاق قىلىپ، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېتىلدۇرۇشكە بولىدۇ

ياپونلارنىڭ سۆز تېمىسىنى ئىنتايىن ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلاردىن باشلايدىغىنىنى ناھايىتى كۆپ بايقىدىم، مۇنبەر ياكى ئادەتتىكى سورۇندا بولسۇن زادىلا بۈيۈك تېمىلاردا سۆز ئاچمايتتى. ھەيۋەتلىك، مۇرەككەپ سۆزلۈكلەرنى ئىشلەتمەيتتى، سىياسىي ئىبارىلەرغۇ ئەلۋەتتە يوق، مەزمۇنىمۇ شۇنچىلىك ئاددىي ھەم قىسقا بولاتتى. مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ مۇراسىم نۇتقى، شىركەت دىرېكتورلىرى ۋە ئىش مەسئۇللىرىنىڭ يىغىن نۇتقى ھەتتا سىياسىيونلارنىڭ سۆھبەت ـ دوكلات نۇتقى... بۈگۈنكى ھاۋا رايىدىن، داڭ چىقىرىۋاتقان چولپانلاردىن، ئالقىشقا ئېرىشكەن تېلېۋىزور پىروگراممىلىرىدىن سۆز باشلاپ، كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە يىغىۋالغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئەپچىل بىر باغلىنىش بىلەن غىرتتىدىلا سۆزنى ئەسلىي تېمىغا يۆتكىۋالاتتى. ياكى، ئەمەلىي، تەسىرلىك ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەپ، ھەممىنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، ئويغا چۆكتۈرۈپ، سۆزىنى خۇلاسىلەيتتى. ياپونىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىرى ـ ئوساكا رايونىنىڭ ھازىرقى ئەڭ ياش رايون باشلىقى، ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆز قىلالىغىنى ئۈچۈن سايلامدا يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىغان، دېگەن مۇلاھىزىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆپ ئاڭلىدۇق. دېمەك، ھەرقانداق ئىشنى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەش بۇلاردا ئۆلچەم ۋە ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. نۇتۇقلا ئەمەس، ئەسەر ۋە ماقالىلەرگىمۇ چۈشىنىش قولاي، يەڭگىل بولۇشنى ئۆلچەم قىلغاچقا چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق قولىغا قەلەم ئالسىلا بىر نەرسە يازالايدىكەن. يازغىنىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قورۇنماي ئوقۇيالايدىكەن.

بىزدە، داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، چوڭ يەرلەردە ئىشلەپمۇ بىرەر پارچە ھۆججەتنى جايلاپ چىقىرالمايدىغان، يازغىنىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان «بىچارىلەر» مۇ بار. يېڭى ۋە مۇجمەل ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇزۇن ۋە راۋان سۆزلىيەلمەيدىغانلار، گېپىم چاندۇ دەپ، ئىككى ئادەمنىڭ ئالدىدا كۆڭلىدىكىنى تۆكەلمەيدۇ. نۇتۇق دەبدەبىلىك، يازما نەرسە «ئەدەبىي»، «يۇقىرى سۈپەتلىك» بولۇشى كېرەك دېگەن غەيرىي ئۆلچەم بىلەن بىرەر نەرسە يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قوياي، ياپونىيەدە ھەر ئايدا نەشر قىلىنىدىغان يېڭى كىتابلارنىڭ سانى 400 ـ 600 ئەتراپىدا بولۇپ (گېزىت ـ ژۇرناللار ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنى يازىدىغانلار يازغۇچى ـ ئەدىبلەرلا ئەمەس، ئارتىس، تەنھەرىكەتچى، ھۈنەرۋەن، ئىشچى، ھەتتا ئائىلە ئاياللىرى. ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆز تەجرىبىلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلىپ، شۇ ساھەگە يېڭى بىر ئۇچۇر سۇنىدۇ. شۇڭا كىتابلارنىڭ بازىرى ئىتتىك، ئوقۇرمەنلەر كۆپ، كىتابخانىلار ھەرقاچان بېسىق. ناۋادا بىزمۇ ياپونلاردەك بالا تەربىيەلەش كۇرۇژۇكلىرى، كىتاب ئوقۇش، تەسىرات سۆزلەش، ماقالە يېزىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرساق ئۇيغۇر ئاياللىرىغا كۈلكىلىك تۇيۇلارمۇ ياكى بىر ئۆمۈر بىلمەي ياشاشنىڭ كۈلكىلىكلىكىنى تونۇپ يېتەرمۇ؟

ياپونلار دۇنيادىكى ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرى. ئەرلەر 79 ياش، ئاياللار 86 ياشلىق ئوتتۇرىچە ئۆمۈر نىسبىتى بىلەن دۇنيادا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ شۇ يېشىدىمۇ خىزمەتنى تاشلىمايدۇ. دېھقانچىلىق قىلىدۇ. ماشىنا ۋە يىڭنە بىلەن ئاجايىپ كۆركەم كەشتىلەرنى ئىشلەپ دوستلىرىغا سوۋغا قىلىدۇ، سودا سارايلىرىغا ئۆتكۈزۈپ، كىرىم قىلىدۇ. 100 ياشلىق مومىسى 80 ياشلىق ئاپىسى 60 ياشلىق قىزى بىللە ياشايدۇ. ئاپام ياپونىيەگە كەلگەندە، ئۆزى دېمەتلىك ئاياللارنىڭ يېشىغا ئىشەنمەي، تېتىكلىكىگە ھەيران بولۇپ، ياقىسىنى تۇتۇپلا يۈردى. 86 ياشلىق قوشنىمىز ئوغلۇمغا تىككەن كىيىمنى كۆتۈرۈپ، 5 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىمىزگە پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كەلگەندە، ھەممىمىزنىڭ ئېسىگە، 70 تىن ئېشىپلا كېسەللىك چىرماپ ماغدۇرىدىن كەتكەن رەھمەتلىك مومام كەلدى.

ياپونلارنىڭ ياشلىق ۋە سالامەتلىكىدىكى سىر نېمە؟ سەھىيە تەرەققىياتىدىن باشقا، ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ۋە ھەرىكەت. ۋاقىتنىڭ زىچلىقى، تەييار يېمەكلىكنىڭ ئومۇملىشىشى، رېستورانلارنىڭ كۆپىيىشى ياپونلارنىڭ تاماق ئادىتىگىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئەمما ئۇلار سۇنئىي خۇرۇچلىرى ئاز، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئۆز بەدەن ئېھتىياجىغا مۇناسىپ تاماقلارنى ئائىلىدە ئېتىپ يېيىشنى كاتتا رېستورانلاردىكى قىممەت باھالىق يېمەكلىكلەردىن ئەۋزەل بىلىدۇ. كۆكتاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ماي، تۇز، گۆشتىن قاچىدۇ. بوش ۋاقىتنى باغچىلاردا، چېنىقىش ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزىدۇ. تۇغۇتتىن كېيىن بىر مەزگىل سەمرىپ قالغان ئىدىم. ياپونىيەلىك تونۇشلىرىم خۇددى ئېغىر ۋاباغا دۇچار بولغاندەك ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىپ كەتتى. بەس ـ بەستە ئورۇقلاش تەدبىرلىرىنى ئۆگەتتى. شۇلارنىڭ كۆپ قېتىملىق دەۋىتى ۋە ھەمراھلىقى بىلەن بىر نەچچە ئاي باغچا ۋە چېنىقىش ئۆيلىرىدە ئۆتتۈم. سېمىزلىكتىن قورقىدىغان ياشلار، سالامەتلىك ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇۋاتقان ياشانغانلار، تەنھەرىكەتچى بولۇش ئارزۇسىدىكى بالىلار... نېمىدېگەن كۆپ. بۇ خەققە جان نېمانچە تاتلىق! بىز، ئادەم 40 قا ئۇلاشقاندا تەن قويۇپ، ئىسكەتسىز بولۇپ قالدۇ دەيمىز. ئەمما ياپونلار، ئوتتۇرا ياشلىقتىكى سەمرىشنىڭ باشلىنىشى

ماھىيەتتە، كىشىلىكنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىدۇ. ھەر قاچان ئېغىرلىقنى ئۆلچەپ، بەدەن تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپ ماڭىدۇ. گۈزەللىكنى ساقلايمىز دەپ ھەر خىل ئۇسسۇل سىنىپلىرىغا كىرىپ سەكرەپ يۈرگەن ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئاياللارنىڭ قىزغىنلىقىنى كۆرسىڭىز ئۇلارنىڭ قېرىماسلىقىدىن ئەجەبلەنمەيسىز. بىراق، بىزنىڭ رېستورانلاردىكى قورۇما گۆشلەرنى بولۇشىچە يەپ، چالا قالغان يېرىگە ئاق-قىزىلنى زورلاپ ئىچىپ، بەسلىشىپ سەمرىدىغان ئاياللىرىمىزنى كۆرسە ياپونلار ئەجەبلەنمەي قالمايدۇ.

بىر نەچچە ئاي چېنىقىپ كۆرۈڭ. تېنىڭىزدىكى يەڭگىللىك، روھىڭىزدىكى كۆتۈرەڭگۈلۈك، تېرىڭىزدىكى نۇرنى چوقۇم بايقايسىز. ئۇنۇمسىز، قىممەت باھالىق ماي-ئۇپىغا كەتكەن پۇلىڭىزمۇ تېجىلىپ قالىدۇ.

تۈركىيەدە تۈرك تىلى ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلىمدە، ئەسكەرلىكتە تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىلىق ئاتا-بالا بىلەن بىر سىنىپتا ئىدىم. قاملاشقان چارلىز 9 ياشلىق ئوغلى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنەتتى. ئوماق كىچىك چارلىز دادىسى بىلەن بەسلىشىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئويۇن تۈرىدىكى ئۆگىنىش ۋە رەسمىي ئىمتىھانلاردا دائىم دېگۈدەك دادىسىنى يېڭىۋالاتتى. ھەممىمىز ئۇنى زېرەك دەپ، ئامراقلىق قىلاتتۇق. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئەسلى زېرەك دادىسىكەن. بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن بەسلىشىش پىسخىكىسى ۋە ئۇلارنى يېڭىۋېلىش خۇشاللىقىدىن يېتىلىدىغان قىزغىنلىق، تىرىشچانلىق روھىنى سېزىق چارلىز ناھايىتى ئوبدان بىلگەن ۋە قەستەن يېڭىلگەن ئىكەن. ياپونىيەدىمۇ بالىلىرى بىلەن بىللە كېلىپ، ياپون تىلى ئۆگىنىۋاتقان چەت ئەللىك ئانىلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. ھازىر بىزدىمۇ تەتىل ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرى بالىلىرىنى تىل ۋە تېخنىكا كۇرۇژۇكلىرىدا تەربىيەلەيدىغان ئاتا-ئانىلار ئاز ئەمەس. بىراق، بالىلىرى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ بىللە ئۆگىنىش، كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىدى. چارلىز ئاتا-بالىنى دوراپ باقساق، بالىلار ئۈچۈن نېمىدېگەن زور ئىلھام-ھە ! ئۆزىمىز ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت-ھە! بالىلارنىڭ سىز بىلەن بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ، خاتالىقىڭىزنى بايقاپ قالغاندىكى مەغرۇرلۇقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنى تۈزىتىشىپ بېرىۋاتقاندىكى سەممىيلىكىنى كۆرسىڭىز، ناھايىتى ئاقىل، توغرا ئۇسۇل بىلەن ئۆزىڭىزنى ۋە بالىڭىزنى قۇتقۇزۇۋاتقىنىڭىزنى ھېس قىلماي قالمايسىز. كۇرۇژۇكلارغا بېرىڭ! ناۋادا بىر تەدبىرلىك ئانا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئۆيىدە ھەپتىدە بىر كۈن بالا تەربىيەلەش سۆھبىتى ئۆتكۈزەلىسە، مەن ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيتتىم.

بالا تەربىيەلەش كۇرسىدىكى بىر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدە «ئۈچ ياشقىچە يېتىلگەن خۇي، يۈز ياشقىچە داۋاملىشىدۇ» دېگەن بىر جۈملىنى ئاڭلاپ قالدىم. كىتابنى قايتا ۋاراقلاپ ۋە كۇرستىكىلەردىن سوراپ بىلدىمكى، ياپونلاردا يۇقىرىقى ماقالىدا دېيىلگىنىدەك، بالىلارنىڭ خۇي-مىجەزى 3 ياشقىچە يېتىلىدۇ، 6 ياشقىچە تۇراقلىشىدۇ ۋە بۇ مىجەز 100 ياشقىچە داۋاملىشىدۇ، دەيدىغان قاراش باركەن. شۇڭا ئۇلار مەكتەپ يېشىغىچە بولغان مەزگىل بالىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىلى دەپ تونۇپ، بۇ مەزگىلدىكى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. دەرۋەقە ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتىمۇ شۇكى، 3 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە بالىلارنىڭ مېڭە تەرەققىياتى ئەڭ تېز، قوبۇل قىلغان يېڭىلىقنىڭ ئۆزلىشىش ۋە مۇقىملىشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدىكەن. «بالا تەربىيەلەشتە ئۇتۇق قازانغان 120 ئانىنىڭ تەجرىبىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ ئىشەندىم. ئۇ ئانىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بالىلار 3 ياشقا كىرگۈچە ئۆيدىلا ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئانا تىلىدىن باشقا 2-3 خىل تىلغا ئاساس سېلىپ بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، كۈندە پەقەت ئون ياكى ئونبەش مىنۇت، بىر ياكى ئىككى قېتىم، يەنە كېلىپ بالىلارنىڭ كەيپىياتى ئەڭ ياخشى، شۇ خىل ئۆگىنىش تۈرىگە ئەڭ قىزىققان مىنۇتتا، ھەر خىل ئويۇن شەكلى بىلەن ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇلار بۇنى بالدۇر ساۋات چىقىرىش ياكى كۆپ نەرسە بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ۋە زېھنىي كۈچىنى ئۇستۇرۇش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغانىكەن. ھېچ نەرسە ئۆگەتمىگەن ھالەتتىمۇ بالىلارنىڭ خاراكتېر-مىجەزىنى ناتونۇش، يات خۇيلۇق كىشىلەر ئەمەس، ئانا بولغۇچى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ، ئۆزى يېتىلدۈرۈشى كېرەك دېگەن قاراش كىتابتىكى ئاساسىي ئىدىيە ئىدى. شۇ كىتابتا يەنە «بالا تەڭرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىسى، ئۇ ھەم 7 ياشقىچە تەڭرىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن جۈملىمۇ ئۇچرىدى. بىزنى ئاتا-ئانا قىلىپ تاللاپ، بىزنىڭ ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، بىزگە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلغان بوۋىقىمغا رەھمەت، دېگەنىدەك ئىبارىلەرنى گېپى يۇمشاق ياپونلاردىنمۇ كۆپ ئاڭلايمىز. ئىچىم بىر قىسما بولىدۇ. بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئويلاپ، مۇشۇنداق دەپ باققان ئاتا-ئانىلار بارمىدۇ؟! مۇشۇنچە جاپا تارتىپ باققىنىمغا يارىشا، چوڭ بولغاندا ماڭا نېمە قىلىپ بېرەرسەن، دېگەنىدەك تاپا-تەنە ئارىلاش ئەركىلىتىشلەرگىمۇ ھەممىمىز كۆنۈك. بالا بىر كۈندە چوڭ بولمايدۇ، بۇ كۈنلەر تېخى ئۇزۇن دەيدىغان تەربىيەلەرنىمۇ ئاڭلاپ ھەم ئاڭلىتىپ تۇرىمىز. ئەكسىچە

ياپونلار، باللار بىلەن بىللە ئويناپ بىللە ئۆتكۈزىدىغان كۈنلەر ناھايىتى چەكلىك. ئۇلار سەللا چوڭ بولسا بىز باقمىز دېسەكمۇ ئۆزىنى باقتۇرمايدۇ. ئەڭ جاپالىق ئەمما ئەڭ كۆڭۈللۈك بۇ كۈنلەر ئاتىلار ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئەسلىمە دەيدىكەن.

ئاتا-ئانىلارلا ئەمەس، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتمۇ باللارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاسراشنى ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىدۇ. ئەمما، مەكتەپ يېشىغىچە بولغان مەزگىل يەسلىلەردىن كۆپرەك ئائىلىدە ئۆتۈشى، ئاتا-ئانىلار بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىشى كېرەك، دېگەن تەشەببۇسنى ئۇنتۇمايدۇ. باغچىلار كوللېكتىپ تۇرمۇش، دوستلۇق، ھەمكارلىق، رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى ئاساسلىق تەربىيەلەش نىشانى قىلىپ، ئەڭ يېڭى، ئۆزگىچە ئۇسۇللار بىلەن يېتەكلەش ئېلىپ بارىدۇ. پارتىدا ئولتۇرغۇزۇپ A,B,C نى ئۆگىتىدىغان ئىش ئۇلاردا ئەسلا يوق. يەسلى تەربىيەلىگۈچىلىرى باللار بىلەن بىللە لاي ئېتىپ، قۇمدىن ئۆي ياساپ، كۆلچەكتە سۇ چېچىشىپ ئوينايدۇ. قۇچاقتىكىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، تامىقىنى يېگۈزۈپ، تەرىتىنى تۆكۈپ، ئەتىدىن كەچكىچە پەرتۇق تارتىپ يۈگۈرەپلا يۈرىدۇ. باللار پۈتۈن كۈن ھويلىدا قىيقاس-چۇقان سېلىپ ھەر خىل ئويۇنلار بىلەن ئازادە ئۆتىدۇ. تەربىيەلىگۈچىلىرى ئۇلارنى تىزىلدۇرۇپ، قولىدىن يېتىلەپ، يېقىن ئەتراپتىكى باغچىلارغا، باللار كۇتۇپخانىسىغا ۋە قوشنا يەسلىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى سۇ ئۈزۈش مەشقى قىلىدۇ. ماشىنىغا سېلىپ دالا تامىقى يېگىلى، گۈل سەيلىسى قىلغىلى، سەل چوڭلىرىنى ئېتىزلىقتا كۆكتات تەرگىلى ئېلىپ بارىدۇ ۋە تەرگەن مېۋە، كوكتاتلارنى شۇ جايدىلا دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇپ، تەڭ ئېلىشىپ يەيدۇ. چىققان ئەخلەتلەرنى ھەممىسى خالتىلىرىغا تىرىپ، ئەخلەت توكىدىغان جايغىچە كۆتۈرۈپ بارىدۇ. شۇ يوسۇندا تەبىئەت بىلەن تونۇشتۇرىدۇ، تەبىئەتنى سۆيۈشنى، مۇھىتنى ۋە مەئىشەتلەرنى ئاسراشنى، ئەمگەكنى، مېھنەتنى ئۆگىتىدۇ. ئەنئەنىۋى ۋە مىللىي بايرام، خاتىرە كۈنلەرنىڭ بىرسىنى قالدۇرماي باللارغا تونۇشتۇرۇپ، شۇ كۈنى چوقۇمكى ئاتا-ئانىلارنىمۇ قوشۇپ، بىرلىكتە پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرگىچە توپلىشىپ، باللارنى چۆرىدەپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. تەنتەربىيە ۋە سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە ئاتا-ئانا، بوۋا-مومىلىرىغىچە كېلىپ ئۇلارنىڭ مۇسابىقىلىرىنى كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پۈتۈن جان-جەھلى بىلەن يۈگۈرەۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئالقىش-چاۋاكلىرىدىن سۆيۈنۈپ، قىن-قىنىغا سىغمايۋاتقان باللار ئاجايىپ سۆيۈملۈك. ئۆزى مېڭىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بوۋاقلارنى، ئويۇنچۇق ئات ياكى پويىز ۋاگونلىرىغا چېتىپ ياسىۋالغان ئەپچىلگىنە قەغەز ساندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، پاراتتىن ئۆتكۈزگەندە، مەيداندا بىردىنلا كۆتۈرۈلىدىغان كۈلكە-چاۋاكلاردىن بۇ كىچىك ئاتلىق ئەسكەرلەر چۆچۈپ چىرقىراپ كېتىدۇ. نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ئەتراپقا ئالاق-جالاق باقىدۇ. بەزىلىرى خۇشاللىقتىن پۇت-قولىنى تىپىرلىتىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، بىللە چۈشىدىغان مۇسابىقىلەردە بولسا، مەيدان تېخىمۇ جانلىنىپ، پەللىگە چىقىدۇ. مىنىڭ قىزىمدەك يىغلاپ قالسا يىغلايدىغانلارمۇ كۆپ. ئەمما، مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ ھەممە ئوخشاش ئېرىشىدىغان مۇكاپات بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ گۆدەكلەرچە ئەلەملىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدۇرىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر نەچچە ئاي بۇرۇن پىلانلىنىپ، ئارام ئېلىش كۈنلىرىگە توغرىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى بۇ كۈننى يەسلى ئۈچۈن ئاتايدىكەن. شۇنداقتىمۇ تەربىيەلىگۈچى ۋە پىسخولوگلار ئاتا-ئانىلارنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ياشتىكى باللارنىڭ ئاتا-ئانىلار بىلەن بىرگە بولۇشنى تېخىمۇ خالايدىغىنىنى، ئويۇننى ئاتا-ئانىلىرى بىلەن ئويناش ئۇلارنى ھەسسىلەپ خۇشال ۋە بەختىيار قىلىپ، ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، جۈرئەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرىدىغىنىنى، شۇڭا يەسلىدىكى ۋاقىتنى ئىمكان بار قىسقارتىشنى تەكىتلەيدىكەن. ئاتا-ئانىلارمۇ شەنبە-يەكشەنبىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىنى باللارنى ئەگەشتۈرۈپ سۇ ئۈزۈشكە، توپ مەيدانلىرىغا باغچىلارغا ئېلىپ بېرىپ ئۆتكۈزىدىكەن. سەللا گەپ ئۇققۇدەك بولغانلىرىدىن پىكىر-مەسلىھەت ئېلىپ، رايىنى سىنايدىكەن. كىچىك بالا ئەمەس، تەڭتۇشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ پاراڭلىشىدىكەن. دادىلارنىڭ كۈندۈزى باللار بىلەن بىللە بولىدىغان پۇرسىتى ئاز بولغىنى ئۈچۈن، كەچلىكى ئۇلارنى مۇنچىغا چۈشۈرۈش، رەسىملىك كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇخلىتىشنى ئۇلار ئۈستىگە ئالىدىكەن. باللار 3-4 ئايلىق بولغاندىن تارتىپ، رەسىملىك كىتابلارنى كۆرسىتىش ۋە ئوقۇپ ئاڭلىتىش ياپونلارنىڭ كۈندىلىك ئادىتى بولۇپ، قىزىق يېرى، ھېچ گەپنى چۈشەنمەيدىغان شۇ بوۋاقلارغىچە بۇ ئادەتكە كۆنۈۋېلىپ، كىتاب ئاڭلىمىسا ئۇخلىماس بولۇۋالىدىكەن. ياش پەرقى بويىچە چىقىرىلىدىغان باللار كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىنمۇ ئادەم ھەيران قالىدۇ.

سۇ ئۈزۈش، مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە دېگەنلەر باللار باغچىسىدىكى ئاساسلىق دەرسلەر بولۇپ، ئىيۇننىڭ ئاخىرىدىن سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە يەسلى باللىرىنىڭ كۈنى ئاساسەن سۇ كۆلچىكىدە ئۆتىدۇ. ئولتۇرغۇدەك بولغان بوۋاقلاردىن تارتىپ كىچىك-كىچىك كۆلچەكلەردە ئوماق پۇت-قوللىرىنى پىلتىڭلىتىپ، سۇ چاچراتمىسىدىن خۇشلىنىدۇ. باشتا سۇدىن قورقۇپ،

قىرقىراپ يىغلايدىغانلارمۇ ئاز كۆن ئۆتسە سۈدىن چىقمايمەن دەپ يىغلايدىغان بولىدىكەن. شۇڭا ياپونىيەدە چوڭ ياشلىقلاردىن تارتىپ باللارغىچە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغىنى يوق. 4 يېشىدىن باشلاپ پىيانىنو ۋە نەي چېلىشنى ئۆگەتكەچكە تولۇق ئوتتۇرىغا چىققۇچە ھەرقاندىقى نوتىغا قاراپ ئاھاڭ چىقىرالايدىغان، ئەڭ ئاددىي بىر ـ ئىككى مۇزىكىغا چالالايدىغان بولىدىكەن. رەڭلىك قەلەم بىلەن قەغەز بوياپ ئويناشقا ئامراق باللار ئۈچۈن، ئۈستەللەردە ھەرقاچان رەسىملىك قەغەز ۋە بوياقلار تەييار تۇرغاچقا، سىزىپ، يېزىشقىمۇ بالدۇرلا كىرىشىدىكەن. ئۇلار قولىغا تۇنجى قەلەم ئېلىپ مايماق سىزىقنى باشلىغان كۈندىن تارتىپ، يەسلى ھەر كۈنى تولدۇرۇپ ئېۋەتىدىغان ئالاقە دەپتىرىگە بىر يېڭى تېما قوشۇلاتتى. باللىنىڭ شۇ كۈنكى بەدەن تېمپېراتۇرىسى، كەيپىياتى، ئويۇن تۈرى، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قېتىم سانى، چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى، شۇ كۈنكى تاماقنىڭ خۇرۇچلىرى، ئوزۇقلۇق تەركىبى دېگەندەك دوكلاتلارغا قوشۇپ «بۈگۈن ئەزگۈئاي ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يىغلاۋاتقان ئۈكىسىنىڭ رەسىمىنى سىزدى، ئوخشاپتىمۇ؟»، «ئىستەمى بۈگۈن بىر كۈن تىرىشىپ، ئاخىرى يۇملاق سىزالايدىغان بولدى»... دەپ يېزىپ قوياتتى ۋە شۇ كۈنى سىزغان نەچچە پارچە رەسىمىنىمۇ بىللە ماڭدۇراتتى. بۇ رەسىملەردىن ۋەكىللىكلىرىنى تاللاپ، چېسلالىرىنى تەرتىپ بىلەن تۇرغۇزۇپ، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ «يىللىق ئەسەرلەر توپلىمى» نى ئىشلەيتتى. ياپونلارنىڭ تېز سىزما رەسسامدەك شارت ـ شۇرتلا ھەرقانداق شەكلنى چىقىرالايدىغىنىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن. شۇ بويىچە باللارنىڭ قىزىقىش ۋە تالانتى بايقالغان ھامان مەكتەپ ۋە ئاتا ـ ئانىلار كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، يۆنىلىشلىك تەربىيەلەشنى باشلايدىكەن.

خەلقئارا ياكى دۆلەت ئىچىدە بىرەر چوڭ ۋەقە، ئەھمىيەتلىك ئىش يۈز بەرسە باللار ھەرگىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالمايدۇ. مەكتەپلەردە ئۇلار ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان تىل ۋە شەكىل بىلەن دەرسلىككە كىرىشتۈرۈپ چۈشەندۈرسە، تېلېۋىزور ۋە باللار كىتابلىرىدا دەرھال بۇنىڭغا ئائىت كارتون ياكى باللار خەۋىرى ئىشلىنىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇلۇپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەم ئۆز دۆلىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئادەم ھەيران قالغۇدەك كۆپ. بىز ئەمدىلا ئاخباراتلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئۇچرىتىشقا باشلىغان، ئەمما ھېچ كىشى پەرۋا قىلمايدىغان يەر شارىنىڭ ئىسسىش خەۋپى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئىنسانىيەتكە سېلىۋاتقان تەھدىتى ياپونىيەدە كىچىك باللارغىچە كۈندىلىك ساۋات. ئۇلار ھازىردىن باشلاپ ئېنېرگىيەنى قانداق تېجەشنى، تەبىئەتنى زىيانلاشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پاكىز ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش تەدبىرلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ يەردە ئەخلەتلەر رايونلارغا قاراپ، 7 ـ 8 خىل تۈرگە بۆلۈنۈپ، ئايرىم-ئايرىم خالتىلاردا، بېكىتىلگەن ئايرىم كۈندە تاشلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بۇلغىنىشنى ئازلىتىش ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەخلەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن. باغچە ۋە كوچىلاردىمۇ ھەر كىم ئۆز ئەخلىتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. بۇنداق ئاممىۋى قائىدە-تەرتىپلەرنى ناھايىتى تېزلا تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ياپونلارنىڭ كىچىك ئەۋلادلىرى بولسا بۇنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى. بىزدەك بىپەرۋا چەتئەللىك ئاتا ـ ئانىلار پات ـ پات باللىرىمىزنىڭ شۇ ھەقتىكى تەنقىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

بىز ئىلگىرى ئولتۇرغان بىنانىڭ قورۇسىدىلا باللار باغچىسى بار ئىدى. كۈندۈزلىرى باغچىدا قىنىغا پاتماي ئويناۋاتقان ئوماق باللارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرىدىن ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلەتتى. بەزىدە بالكونغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا، تەربىيەلىگۈچىلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئېچىللىقىغا قاراپ ھوزۇرلىناتتىم. يامغۇرلۇق كۈنلىرى يەسلى زالىدىن پىيانىنونىڭ ئاۋازى ئۆچمەيتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ھەر كۈنى سائەت 4 تىن كېيىن ناھايىتىمۇ بوم ئاۋازلىق بىر تىرېنېر پۈتۈن قورۇنى تىترەتكۈدەك ۋارقىراپ يۈرۈپ، باللار بىلەن پۇتبول ئوينايتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ، نەچچە يۇملاپ قوپىدىغانلارمۇ، بىر ھازا پۇت ـ قوللىرىنى قاماللاپ، ئولتۇرۇپ قالىدىغانلارمۇ بولاتتى. تىرېنېر ياكى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، قانداقراق، ئاغرىۋاتامدۇ؟ دەپ ئەھۋال سورايتتى ـ يۇ، بىرى كېلىپ يۆلىمەيتتى. چىدام بىلەن غەيرەتنى ئاجايىپ بىلىدىغان بۇ كىچىك باللارمۇ چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن ئۆزى تۇراتتى ۋە ئاقساپ بولسىمۇ توپقا قايتا قوشۇلاتتى. ئۇلارغا قول قوياتتىم. ئەمما، يۆلىمەي قاراپ تۇرىدىغانغا مەن پەقەت كۆنمىدىم. باللىرىم ئەمەس، باشقىلارنىڭ باللىرى يىقىلسىمۇ يۆلىگىلى يۈگۈرەيتتىم. 2 ـ 1 يىلنىڭ ئالدىدا قىزىممۇ يىقىلسا يەرگە چىڭ چاپلىشىپ، بولۇشىچە يىغلايتتى. ئۇنى پەپىلەپ، يىقىتقان «دۈشمەن يەر»نى تېپىپ، تىللاپ، خېلى بىر ئىش كېتەتتى. بىراق، ھازىر ئاغرىغان يېرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، مېنىڭ يۆلىشىمنىمۇ كۈتمەي ئۆزى تۇرىدۇ. مەن چىدامىلىقمىكەنمەن؟ ئىستەمى سەنمۇ ئاچاڭدەك قەيسەر بول، يىقىلساڭ ئۆزۈڭ تۇر ـ ھە! دەپ، ئىككى ياشلىق ئۈكىسىغا تەربىيە قىلىدۇ. كۈلۈپ كېتىمەن. مەن ھېچقاچان ئۇنىڭغا بۇنداق ئۆگەتمىگەن. يىقىلسا يۆلىگىلى ھېلىھەم تەييار ئىدىم. ئىلگىرى، بىللە ئويناۋاتقان باللارنىڭ نەرسىلىرىنى تالىشىپ، بەرمىسە قورۇنى بېشىغا كىيىپ يىغلايتتى. بىراق ھازىر ئۈكىسى،

ئىگىسىز تۇرغان بىرەر ئويۇنچۇقنى تۇتۇپ قويسىمۇ نەلەردىندۇ يۈگۈرەپ كېلىپ، «باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سورىماي ئالساڭ بولمايدۇ، جايىغا قوي» دەپ ۋارقىراپ، ئورنىغا ياندۇرمىغىچە تىنمايدۇ. يەسلىدىكى تەنتەربىيە، سەنئەت مۇسابىقىلىرى ياكى ئادەتتىكى بىرەر رىقابەت تۈرلىرىدە يېڭىلىپ قالسا، نەچچە كۈنگىچە ئۆكۈنۈپ، كېيىنكى قېتىم يېڭىپ قايتمىغىچە ئۇ ئەلەمنى ئۇنتۇمايدۇ.

باللارنىڭ يەسلى ۋە مەكتەپتىن يېنىش ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ، رادىيو ھەم تېلېۋىزور قاناللىرى باللار نومۇرلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، تۈگمەس تاپشۇرۇقنىڭ غېمى بولمىغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، كارتون فىلىم ۋە ئويۇن تۈرلىرىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. بەزىدە بىزمۇ بىللە ئولتۇرۇپ كورۇشۇپ، كۈلۈشۈپ بېرىمىز. شۇنداق مىنۇتلاردا يۈرىتىكى بىچارە باللىرىمىز، ئۇلارنى پۈتۈن خۇشاللىقلىرى، ئەركىنلىكلىرىدىن بوغۇپ، زېرىكىشلىك كىتاب بىلەن دەپتەرگە چۈشەپ قويۇۋاتقان ئۇنۇمسىز، توقۇم تاپشۇرۇقلار ئېسىمگە كېلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دادلاشلىرىدىن، «ئاتا ـ ئانىلار يىغنى»دىكى خىجىللىقتىن، باللارنىڭ نومۇردا ئارقىدا قېلىپ، سىنىپتا ھاقارەت ۋە بوزەك ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوينىۋاتقان جايىدىن تۇتۇپ كېلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن خۇشال كورۇۋاتقان تېلېۋىزور ئالدىدىن سۆرەپ چىقىپ، تاپشۇرۇققا ئىتتىرىمىز. كىچىكىدىنلا روھى بېسىم، تىزگىن ۋە چەمبىرەك ئىچىدە ئېھتىياتچان، جۈرئەتسىز ۋە ئەگەشكۈچى بولۇپ يېتىلىدىغان گۆدەكلىرىمىزگە بۇ يەردىكى ھېچنېمىدىن قورۇنمايدىغان ئەركىن، دادىل ۋە مۇستەقىللىقى كۈچلۈك كۆرەڭ باللارنى سېلىشتۇرۇپ ئىچىم ئېچىشىدۇ.

بىر كۈنى رادىيودىكى «باللارغا مەسلىھەت» پىروگراممىسىنى ئاڭلاۋاتاتتىم. 9 ياشلىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسىدىن مەسلىھەتچىلەرگە مۇنداق بىر تېلېفون سوئالى كەلدى: مەن چوڭ بولغاندا دۆلەت رەئىسى بولاي، دېگەن ئىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ باللار مەسلىھەتچىلەر گورۇپپىسىدا سىياسىيونلار، دوختورلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە پسىخولوگلار بولۇپ، پوچتا، fax، تېلېفون ۋە ئېلخەت ئارقىلىق باللاردىن كېلىدىغان سوئال ۋە مەسلىھەتلەرگە رادىيودا ئوچۇق جاۋاب قىلاتتى. رەئىس بولماقچى بولغان ھېلىقى بالا تېلېفوندا قىلچىمۇ قورۇنماي، ھودۇقماي دېمەكچى بولغانلىرىنى تولۇق ئىپادىلىدى. رىياسەتچى قىز ۋە مەسلىھەتچىلەرمۇ بالىنىڭ يېشى ۋە ئوقۇش ئەھۋالىنى سورىغاچ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ سۆزلەتتى. ئاخىرىدا پارلامېنتتىن يېڭىلا ئىستىپا بەرگەن ئايال سىياسىيون باللارچە، ئىنتايىن ئاددىي تىل بىلەن ئۇنى قوللايدىغىنىنى بىلدۈرۈپ، ناھايىتى قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن مۇنداق مەسلىھەت كۆرسەتتى: «دۆلەت رەئىسى يەنە كېلىپ خەلق قوللايدىغان ياخشى بىر رەئىس بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەتراپىڭىزدىكىلەرنى چۈشىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، مۇشكۈللىرىنى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ھەل قىلالايدىغان بولۇشىڭىز كېرەك. سىز ئاۋۋال دوستلىرىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى، ئانىڭىزنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشنى ئۆگىنىڭ. ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەر سىزنى ياخشى كۆرۈپ قوللىسا، يۈلسە سىز كېيىن چوقۇم رەئىس بولالايسىز. بىراق، رەئىس بولۇش ئىنتايىن جاپالىق ئىش. ھەممە ئادەمنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇش، پارلامېنت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈگمەس زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇنداق قولاي ئەمەس. ئۇيقۇسىز، تاماقسىز ئۆتىدىغان كۈنلىرىڭىز بولىدۇ. سىزدە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا چىداپ، توسالغۇلارنى يېڭەلەيدىغان ئىشەنچ بارمۇ؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. بالا ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. مەسلىھەتچىلەرمۇ ئۈن ـ تىنسىز ئۇنىڭ ئويلىنىشىنى كۈتتى. خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن، بالا ئېنىق قىلىپ، «ھەئە»، دەپ جاۋاپ بەردى، مەسلىھەتچىلەر بىردىنلا چاۋاك چېلىپ ئۇنى ئالقىشلىدى. جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى ۋە بۇ ھەقتە بۇندىن كېيىنمۇ ھەرقانداق سوئال، مەسلىھەتلىرى بولسا توختىماي سوراپ تۇرۇشنى ئېسىگە سالدى. خەت توشۇغۇچى پوچتىكەش بولۇشنى ئارزۇ قىلغان يەنە بىر بالىغا: «نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈلسىز، سالام ۋە سوۋغات توشۇپ، ئوغلىنى كۈتكەن ئانىغا، تەنھالىقتا زېرىككەن بوۋايغا، يىراقتىكى دادىسىنى سېغىنغان بالىغا دىدار، سۆيگۈ يەتكۈزەي دەپسىز. كىشىلەر چوقۇم سىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ» دېدى. مەسلىھەت سورايدىغان باللار ئىچىدە: «كۈچۈكۈم ياخشى غىزا يېمەيدىغان بولۇپ قالدى، قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئىت باقاي دېسەم دادام ئۇنىمىدى، ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلىشىپ بەرسەڭلا» دېگەندەك قىزىقارلىق پاراڭلار چىقاتتى. مەن ئاڭلاۋېتىپ كۈلۈپ كېتەتتىم. بىراق مەسلىھەتچىلەر پەقەت ئەجەبلەنمەيتتى. ھايۋانات دوختۇرلىرى ئىتقا، پسىخولوگلار دادىسىغا ئائىت ھەر خىل مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، باشقىلارمۇ ئۆز كۆزقارىشىنى ئاڭلىتاتتى. بالا رەئىسنىڭ گېپى خېلى كۈنلەرگىچە ئېسىمدىن چىقمىدى.

باللار مەسلىھەت پىروگراممىسىدىن باشقا «ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت»، «بالا تەربىيەلەش ھەققىدە» دېگەندەك پىروگراممىلارمۇ رادىيودا ھەر كۈنى بېرىلىپ تۇرىدۇ. ئەتىگەن سائەت 9 دىن باشلاپ دەل ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ۋاقتىغا توغرىلاپ بېرىلىدىغان بۇ پىروگراممىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرىمۇ، قوللىغۇچىلىرىمۇ بەك كۆپ. ئېغىر بويلار، يېڭى تۇغۇتلۇقلار، بالا تەربىيەسىدە قىينىلىۋاتقانلار، ھەتتا

قېيىنئانا ـ كېلىن توقۇنۇشلىرىغىچە بولغان خىلمۇخىل سوئاللار كېلىدۇ، بۇنىڭغا مەسلىھەتچىلەردىن باشقا يەنە رادىيو ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدىن تەجرىبىسى بارلار تېلېفون ۋە ئېلخەت ئارقىلىق جاۋاپ يوللايدۇ...

2011 ـ يىلى 11 ـ مارتتىن باشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن شەرقىي شىمالدىكى ئېغىر يەر تەۋرەش، دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلۈش، يادرو ئېنېرگىيە ئىستانسىسى پارتلاش دېگەندەك ياپونىيە تارىخىدا كۆرۈلمىگەن زور ئاپەتلەر دۆلەتنى ناھايىتى ئېغىر ھالسىراتتى. زىياننىڭ تېخى چېكى كۆرۈلمىدى. بىراق، ھۆكۈمەت بارلىق زىيان ۋە قىزىل رەقەمنى قايرىپ قويۇپ، 1 ـ باسقۇچلۇق قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا 5 تىرىلياردقا يېقىن ياپون پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى يۈرگۈزدى. باللارنى روھىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاپەت ۋەھىمىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 30 مىليارد ياپون يېنى، 100 مىڭ كىشىلىك پسىخىك دوختۇر ۋە يېتەكچى تەشكىللەپ، نەق مەيدانغا ئەۋەتتى. ھامىلدارلار ۋە كىچىك بالىلىق ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتتى. بىخەتەر يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ۋاقىتلىق تۇرالغۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال شۇلارنى ئاساس قىلىپ تارقاتتى. باللار چوقۇنىدىغان چولپانلار، داڭلىق شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ۋە تەشكىللىك ھالدا ئاپەت رايونىدىكى باللاردىن ھال سورىغىلى بېرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، بىللە توپ تەپتى، ئىلھام بەردى.

قىسقىسى، باللارنى تەربىيەلەش ۋە قوغداش يالغۇز ئاتا ـ ئانا ۋە يەسلى ـ مەكتەپلەرنىڭلا مەجبۇرىيىتى ئەمەس بەلكى دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەم يات ـ تونۇش ھەر بىر پۇقرانىڭ خالىس ۋەزىپىسى. ۋاھالەنكى، شۇنچە ئەۋزەل ۋە مۇكەممەل شارائىت ئاستىدىمۇ، تۇغۇتتىن كېيىنكى ئانىلارنىڭ خىزمەت داۋاملاشتۇرۇشىنى جەمئىيەت ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن ھېچكىم قوللىمايدىكەن. ئەر ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەتتا خىزمەت ئورنىغىچە ئايالنى خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ، زېھنىي قۇۋۋىتىنى بالىغا بېرىشكە دەۋەت قىلىدىكەن. بالا بىلەن خىزمەت ئوخشاشلا زېھنىي ۋە جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان، زىل، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش. بىرىنى قۇربان بەرمەي بىردە ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. ھېچ بولمىغاندا باللار مەكتەپ يېشىغا يەتكۈچە.

ئىلگىرى، ياپونىيەدە ئايال كىشى توي قىلىپ، ئۆيدە بالا باقسا ئەرگە ئىككى كىشىلىك مائاش بېرىدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، نەدىكىنى. بىراق ئۇلار بالىنىڭ پۇلىدىن، ئائىلىنىڭ خىزمەتتىن مۇھىملىقىنى چۈشىنىدىكەن. ئەپسۇس، بىزدە بولسا جەمئىيەتلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىمىزمۇ ئۇلارنى تاشلىۋېتىۋاتىمىز. جەمئىيەت ۋە مەكتەپ قالدۇرغان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئورنىغا ئۇنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋاتىمىز. بۇ خىل ئىزچىللىق بىزگە ۋە باللىرىمىزغا قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغىنىنى مۆلچەرلىيەلمەيۋاتىمىز. ئاتا ـ ئانىلار، ئۇيغۇر ئانىلار، باللىرىمىزغا ئىگە بولايلى! جەمئىيەتكە مەسئۇل بولايلى! بىزمۇ خەقتەك ئاقىل ئانا، تەدبىرلىك ئايال بولۇشنى ئۆگىنەيلى.

چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزدىن ھېچ يېرى ئارتۇق ئەمەس، ئارتۇقى پەقەت، ئىرادە ۋە تىرىشىش روھى. تەربىيەلىنىش ۋە تەربىيەلەش ئۇسۇلى، خالاس!

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




*«ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخنى بايان قىلالمايدىغان ئادەم كەمتۈك تەجرىبىلەرنىڭ زۇلمىتىدە توختاپ قالىدۇ.»[1]*

*— گېيوتې(1749 — 1832)*

ئېسىل ئەسەرلەر مېنى شۇنچىلىك خۇمار قىلىدۇ. بىراق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىز بېسىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىم ئاز. يېقىندىن بېرى تۈزۈكرەك بىر رومان ئوقۇماي مەنىۋى دۇنيايىم قۇرغاقلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. ناھايەتكى، «باھادىرنامە» رومانىنى ئوقۇپ، روھىمدىكى «ئۇسسۇزلۇق» قانغاندەك بولدى. ئۆزۈمچە، 2010 - يىلى ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى تاماملىغاندەك تولۇق تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. ئەلۋەتتە، بۇ خىل رازىمەنلىك ۋە تولۇق تۇيغۇسى «باھادىرنامە» رومانىنىڭ ئاپتورىنىڭ، مۇھەررىرىنىڭ ۋە رومانىنىڭ بارلىق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئورتاق تۇيغۇسى بولۇشى مۇمكىن. رومان تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ئېسىل پۈتۈپ چىققان ئىدى. ئاپتور بۇنىڭدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇلىرىنى، بەخت تۇيغۇلىرى ۋە مۇشەققەتلىرىنى، مەردۇ مەردانە خاراكتېرى ۋە گۈزەل شېئىرىي تىل - زۇۋانلىرىنى، ئاڭ - تەپەككۇرى ۋە غايە - ئىنتىلىشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا يايغان ئىدى. مەن بۇ رومان ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئابا - ئەجدادلىرىم بىلەن خىيالەن مۇڭداشتىم، سىرداشتىم. ئوقۇش جەريانىدا ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىم بىلەن، نەچچە مەرتە مۇشتۇمۇمنى تۈگۈپ ئۆزۈمگە نوقۇسام، ئازابلىق تۇيغۇلىرىم كۆز چاناقلىرىمنى نەچچە مەرتە ياشقا تولدۇردى. ھېسسىياتىمدىكى بۇنداق مۇرەككەپ داۋالغۇشلارنى — شائىرانە تۇيغۇلىرىمنى شېئىر قىلىپ يېزىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. شۇنداقتىمۇ، رومان ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئاددىي كىتابخانلىق سۈپىتىدە قەلەمگە ئالدىم.

## 1

«باھادىرنامە» رومانى موغۇلىستانىنىڭ ئاستانىسى تۇرپان شەھىرىدىكى ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىگە جايلاشقان ئەمىر كەبىر قەسرىدە ئازابلىق خىيال سۈرۈۋاتقان ئۇۋەيسخاندىن باشلىنىدۇ. ئۇۋەيسخان ئەينى ۋاقىتتىكى تەخت ساھىبى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ نەۋرىسى. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئوردىدىكى ئابرۇيى ۋە تەھپىسى چوڭ بولۇپ، ئىلىغا باستۇرۇپ كىرگەن موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قازا قىلىدۇ. ئۇۋەيسخان پەزىلىتى يۇقىرى، لەشكىرىي ماھارىتى ئۈستۈن كىشى ئىدى. ئەمما، بوۋىسى سۇلتان مۇھەممەدخان قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، لەشكىرىي ئىشلارغا ئەزەلدىن قىزىقمايدىغان، خوتۇنپەرەس، پۇلپەرەس، شارابخۇمار تاغىسى شىرمۇھەممەدخان ئوردىدىكى ئەمىرلەرنى سېتىۋېلىپ دىگۇدەك تەختتە

**ئويغۇرچىلار مۇنبىرى**

ئولتۇرۇۋالىدۇ ۋە جىيەنى ئۇۋەيسخانغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئۇۋەيسخاننىڭ پىكرى بويىچە، ئەسلىدە سۇلتان مۇھەممەدخان قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ خانزادىسى شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان ئۆزى تەختكە ئولتۇرسا ئەڭ مۇۋاپىق بولاتتى. ئاتىسىز قېلىش ۋە تاغىسىنىڭ ھەسەتخورلۇقى، چەتكە قېقىشى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە ئازابلايدۇ. رومان ئۇۋەيسخاننىڭ مانا مۇشۇنداق چىگىچ خىياللىرى بىلەن داۋاملىشىپ، 1363 ـ يىلى موغۇلىستان خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش ماجىرالىرى، ئىچكى نىزالىق تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەر، 1405 ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن سەمەرقەنتتە يۈز بەرگەن تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ۋە كېيىنكى ۋەقەلەر ئەسلىنىدۇ. ۋەقەلەر شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ، يەكەننى قىرىق يىل بېسىپ يېتىپ، خەلقنى قاقشاتقان ئابابەكرى مىرزىنى مەغلۇپ قىلغان سەئىدخاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بىر ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن زوق بېرىشى تەبىئىي. قۇرۇلمىسىدىكى ئەپچىللىك بۇ روماننىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى ۋە ئالاھىدە تەسىراتىدۇر. ئاپتور مۇرەككەپ بىر بىنانىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرىنى جايى جايىغا، خىلى خىلىغا ماس كەلتۈرۈپ جايلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇنى گۈزەل، كۆركەم، ئىشلىتىش ئۇنۇمى ۋە سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بىر گۈزەل سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرغان ئۇستا ئارخىتېكتورغا ئوخشاش، «باھادىرنامە»نىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى لايىھەلەشتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. رومان بابلارغا بۆلۈنمىگەن، «ئانا يۇرت» رومانىغا ئوخشاش سۆۋارى يېزىلغان. ھەر بىر بۆلەك ۋاقىت، ئورۇن، شەخس جەھەتتىن مۇئەييەن باغلىنىشلىقى بولغان ۋەقەلەردىن تەشكىللەنگەن ھەمدە ۋەقەلىكلەر ئۇدا ياكى سەكرەتمە شەكىلدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان. ھەرقايسى بۆلەكتىكى ۋەقەلەرمۇ مۇئەييەن ۋاقىت، ئورۇن ئاساسىدا ئۇدا ياكى مەلۇم سەكرەتمە شەكىلدە ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇلغان. نەتىجىدە، شۇنچىلىك زور ھەجىملىك رومان ۋەقەلىكى چۈشىنىشلىك، تەرتىپلىك بولغان ئومۇمىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان. ئاپتور ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ۋاقىت تەرتىپى بويىچە پاراللېل شەكىلدە، زۆرۈر جايلاردا ئەسلىمە ـ خىيال تەرىقىسىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكىنى زور دەرىجىدە جىپسىلىققا ئىگە قىلغان. ئەگەر «باھادىرنامە» بىر پارچە پوۋېست، ياكى بىر ـ ئىككى توملۇق رومان بولغاندا ئىدى، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇنداق كۆپ توملۇق ئەسەردە قۇرۇلما مەسىلىسىمۇ ئاپتوردىن ئالاھىدە ماھارەت، كۆپ زېھىن تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ياسىنجان سادىق چوغلان ئاكىمىز بۇ روماننىڭ قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە باش قاتۇرغان ئىدى.

بىز «باھادىرنامە»نىڭ تىلىدىن سۆيۈنىمىز. ئاپتورنىڭ تىل ئىقتىدارى رومانىدا تولۇق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، رومان تىلىدىكى پەلسەپىۋىلىك، شېئىرىي گۈزەللىك، يۇمۇرىستىكلىق، ئىخچاملىق قاتارلىقلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

پەلسەپىنىڭ شەكلى يوق. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن كلاسسىك سىياسىيونلارنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ قاراشلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە قەلەمگە ئالمىغان، بەلكى زاماندىشلىرى ياكى كېيىنكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى رەتلەپ، ئۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. ھۇن ھۆكۈمدارى ئاتتىلا (406 ــ 453) ئىدىيەسىدىن بۈگۈنكى غەرب باشقۇرۇششۇناسلىقىدا «ئاتتىلائىزم» نىڭ شەكىللىنىشى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەر ساپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەردىن، پەند ـ نەسىھەتنامىلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ قاراشلىرى، غايە ـ ئىنتىلىشلىرى، پىكىر ـ ھېكمەتلىرى كۆپ سەھىپە ئىگىلىمەيدۇ ۋە ئۇدۇل بايان قىلىنماستىن، پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق كىتابخانلارغا تەبىئىي رەۋىشتە يەتكۈزۈلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر كۆپىنچە يوشۇرۇن بولىدۇ. چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردە ئايرىم دائىرىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ، ئۇ تۇزغا ئوخشاش، پېرسوناژ تىلى ۋە بايانچى تىلىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، تارىخىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار تىلىدىكى مۇۋاپىق پەلسەپىۋى بايانلار ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «باھادىرنامە»نى پەلسەپىۋى ھېكمەت خەزىنىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك روماننىڭ ئالدىنقى ئۈچ قىسمىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك. رومانىدا قويۇق پەلسەپىۋى ھېكمەت تۈسىنى ئالغان مۇلاھىزىلەرگە يېتەرلىك ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تەرەپ رومانىدا يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ كىملىكىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

رومان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تىل گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ تەرەپ گۈزەل شېئىرىي تىللار بىلەن يېزىلغان سالامنامىلەردە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. ئاپتور رومانىدا يەنە تىلنىڭ يۇمۇرىستىكلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تەرەپ روماننىڭ 3 ـ تومىدىكى ئاۋۋال كومېدىيە بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان «توكۇر ئابدالنىڭ

تىلەمچىلىك قىلىشى» ھېكايىسىدە تىپىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شۇ بىر ھېكايە ئارقىلىق سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ بىپەرۋالىقى، ئويۇنخومارلىقى، رەھىمسىزلىكى، ئىسراپخورلۇقى... قاتارلىقلار ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن. روماننىڭ پېرسوناژ تىلىغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن. رومانىدىكى دىيالوگلارنىڭ ئۇچۇر، ھېكمەت، مۇنازىرە تۈسى قويۇق. پېرسوناژلارنىڭ تەھلىللىرى تولىمۇ ئىلمىيلىككە ئىگە.

روماندا يەنە پىرىسلانغان تارىخىي ئۇچۇرلار بار. مېنىڭ پىكرىمچە، بۇ، زور ھەجىملىك تارىخىي روماندا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش تەس بولغان بىر ئۆتكەل. روماندا، ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى، ھەربىي ئاتاقلار، ئەمەل-مەرتىۋە ۋە باشقا تۈرلۈك قەدىمكى سۆزلەر كۆپ، ئاپتورنىڭ قەلىمىدە بۇ سۆزلەر قايتىدىن زۇۋانغا كىرگۈزۈلگەن. بولۇپمۇ لەشكىرىي ئاتالغۇلار شۇنچىلىك ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىلگەن. ئاپتور بۇ سۆزلەرنى قايتىدىن تىل ئىستېمالىمىزغا ئېلىپ كىرگەندەك تۆھپە بېرىدۇ.

ئاپتور «باھادىرنامە» رومانىدا بايان ۋە تەسۋىر ئۇسۇلىدا ئېنىق بولۇش، تارتىملىق بولۇش، ئىنچىكە بولۇشنى پىرىنسىپ قىلغاندەك تۇرىدۇ. زۇرۇر ۋاقىتلاردا ئاپتور ھېچقانداق شەخس نامىنى ئالماي، ئاۋامنىڭ تالاش-تارتىشنى دىيالوگ شەكلىدە يېتەرلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ. روماندا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى سىرلىرى، كەچۈرمىشلىرى كۆپىنچە ئاپتور تىلىدا ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ مونولوگى بىلەن بېرىلگەن. بولۇپمۇ، پېرسوناژلارنىڭ باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتىكى ئوي-پىكىرلىرى مونولوگ شەكلىدە دەل ۋاقتىدا ئىپادىلەنگەن. روماندا قىسقا، ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىرلەر دەل ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنداق قۇرلار كىنولاردىكى ئاستىلاتما كۆرۈنۈشلەردەك تۆھپە بېرىدۇ. مەسىلەن:

*«سېتىۋالدى بەگنىڭ ھەيرانلىقى ۋەھىمىگە ئالماشتى.*
*سېتىۋالدى بەگنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى.*
*سېتىۋالدى بەگنىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىدى.*
*سېتىۋالدى بەگ دەرھال يەر قاساپ نالە قىلدى.»[2]*
*«مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك ئىدى.*
*مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكىگە تەشۋىش چاڭگا سالدى.*
*مىرزا يانتاقبەگ يارلىققا نەزەر سېلىۋاتقان ھەر بىر دەقىقە ئۇنىڭغا بىر كۈندەك ئۇزاق تۇيۇلدى.*
*مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇيغۇسىدا ۋاقىت توختاپ قالغان ئىدى.»[3]*

بۇنداق تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمىزدا قېتىپ قالغاندەك زاھىر بولىدۇ.

ئاپتور روماندا ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا ئالاھىدە دىت ئىشلەتكەن.

پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى چىنلىق رومانىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپتۇر. ئاپتور روماندا ئۆز پېرسوناژلىرىنى ھەققىي بىر ئادەملىك سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىمىزدا ئۇلۇغبەگ نۇقسانسىز پادىشاھ، ئالىم كىشى ئىدى. ئەمما، رومانىدىكى ئۇلۇغبەگ ئۇنداق ئەمەس. ئۇمۇ ئەينى دەۋردىكى باشقا پادىشاھلارغا ئوخشاش، زەينەپ بىبىنى باشقىلار ئىنئام قىلسا «ياق» دېمەي قوبۇل كۆرىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېنىقلىمايلا، باشقىلارنىڭ يالغان گېپى بىلەن زەينەپ بىبىنىڭ ئاشىقى سەييىدئەلى ئالىپنى زىندانغا سالىدۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولىدۇ.

روماندا پېرسوناژلار بەك كۆپ. مېنىڭ مۆلچەرىمدە ئىسمى ئاتالغان كىشى 200 دىن ئېشىشى مۇمكىن. ئەمما، ئاپتورنىڭ قەلىمىدىكى ھەر بىر پېرسوناژ ئالاھىدە بەلگىگە ئىگە بولۇپ، نەچچە ئەسىر ئاۋۋال ياشىغان بۇ قەھرىمانلار كۆز ئالدىمىزدىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاپتور قەھرىمانلار ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، ئىمكانىيىتى بولغان بارلىق دېتاللاردىن تولۇق پايدىلانغاندەك تۇرىدۇ. ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك تۇيۇلغىنى خۇدايدات ۋە يۇنۇسخان ئوبرازى بولدى. ئۇلۇسبېگى خۇدايدات شۇنچىلىك تەمكىن، ئېھتىياتچان. روماندا ئۇ بىر پىشقان، تەدبىركار سىياسىيون، ھەربىي ئىستراتېگىيەچى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. سۇلتان شىرمۇھەممەتخان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇۋەيسخاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ئىشلىرىنى شۇنچىلىك پۇختا، ئېپچىللىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سەييىدئەلى ئالىپتىكىنمۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئاقىل كىشىدۇر. يۇنۇسخان روماندا ئەڭ ئۆتكۈر زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن، شۇنداقلا ئاشۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە پىشىپ يېتىلگەن ئاقىل، جەسۇر شەخستۇر. ئاپتور ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنى جەڭ مەيدانىدا گەۋدىلىك خاسلىققا ئىگە قىلغان. ئاپتورنىڭ جەڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىشى تەبىئىي ۋە تەسىرلىك بولۇپ، يۇنۇسخاننىڭ تۇنجى قېتىملىق موغۇلىستان يۇرۇشىدىكى قەشقەردە بولغان جەڭ ئاجايىپ تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن. پېرسوناژلار ئوبرازى ئاشۇ جەڭلەردە تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇلغان ۋە چىنلاشتۇرۇلغان.

ئاپتور «باھادىرنامە» رومانىدا، ئاياللار ئوبرازىنى ئالاھىدە كۈچەپ ياراتقان بولۇپ، «باھادىرنامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئالىي مەرتىۋىلىك ئاياللار ئوي-پىكىر جەھەتتە تار ئائىلە دائىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن، مەلۇماتلىق، جەڭگىۋار ئاياللاردۇر. سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ خانىمى مەلىكە سۇلتان خاتۇن ناھايىتى ئۇمىدۋار، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى بىر ھېكمەت. مەلىكە سۇلتان خاتۇننىڭ خورلانغان، ئۇمىدسىزلەنگەن ئوغلى ئۇۋەيسخانغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن كۆز ئالدىمىزدا پىشقان مۇتەپەككۇر ئانا پەيدا بولىدۇ؛ ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ خانىشى، يۇنۇسخاننىڭ ئانىسى دۆلەتسۇلتان خېنىم

مۇھەببىتى ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتكە، خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان باتۇر ئايال. شۇنداقلا باتۇر، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتىغان قەھرىمان، ئەمىر لەشكەر؛ ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسۇلۇ قوۋمىنىڭ تىنچلىقى، سۇلتان ئاكىسىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى، مۇھەببىتىنى دوغا تىكىشكە جۈرئەت قىلغان، قۇربان بېرىش روھىغا باي قىز؛ يۇنۇسخاننىڭ ئىككى خانىشى ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىملەر قورقۇمسىز، جەسۇر ئايال.

مەن روماننى ئوقۇۋېتىپ، ئاپتورنىڭ رومانىدىكى ھەر بىر پېرسوناژى بىلەن خىيالەن بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. پېرسوناژلارنىڭ شۇقەدەر جانلىق، خاس يارىتىلىشىدا ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋر تارىخىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋر تارىخىنىڭ ھەر بىر تىنىقىغا جور بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاپتور ئەينى تارىخقا مېڭىسى بىلەن ئەمەس، يۈرىكى بىلەن چوڭقۇرلاپ كىرگىنىنى ھېس قىلدىم.

## 2

«باھادىرنامە» رومانى ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي قوۋملىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي ئەخلاق گۈلىستانىدۇر. روماندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن گۈزەل مىللىي ئەخلاق قاتارىدا مەردلىك، كەمتەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دوستلۇق ۋە ساداقەت، مال ـ مۈلۈككە زىيادە بېرىلمەسلىك، ئاياللىق پەزىلىتى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

*«ھەقىقىي باھادىر ئەزىمەت دېگەن رەقىبىنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا پايلىمايدۇ. بۇنداق قىلىش قورقۇنچاق، نامەرد، توخۇ يۈرەكنىڭ پەيلى. قىساسخورلۇق باشقا، مەردۇ مەردانىلىق باشقا. ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامايان قىلىدىغان پەيتى، سورۇنى بولىدۇ.» [4]«رەقىب ئاجىز، زەئىپ ۋاقىتدا جەڭگە ئۈندەش نامەردلىكتۇر.»[5]*

مانا بۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەردلىك قارىشىدۇر. روماندا ئالاھىدە مۇھىت، ئالاھىدە ئورۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە ئەھۋالدا، رەقىبى ئاجىز ئەھۋالدا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. ھەتتا، رەقىبىنى كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ مېھمان قىلىدۇ. تۇتقۇنلۇقتىن قويۇپ بېرىدۇ. ئۇۋەيسخان «رەقىب بولغۇچىنىڭ ماڭا قارشى قىلىچ يالىڭاچلىغۇدەك ماجالى بولمىسا، بۇنداق پەيتتە ئاستانىگە مەيلى كۆپ، مەيلى ئاز لەشكەر بىلەن باراي نامەردلىك بولىدۇ»، «رەقىب دېگەن گەرچە ئاجىز بولسىمۇ ساق، بەردەم بولغىنى ياخشى» دەپ قاراپ، ئاستانىگە كىرمەيدۇ. كەمتەرلىك دەۋەتلىرىگە مۇنۇ مىسال كۆپايىدۇر:

*«بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خارۇزار ۋە بىئېتىباردۇر... پېقىرلىق ۋە ئاجىزلىق باياۋانىدا تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەرگە ساخاۋەت داستىخىنىمىزدىن نېسىۋە ـ رىزىق بېرىش بىزگە ئاتائىي ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇمدۇر.»[6]*

«باھادىرنامە» رومانىنىڭ تۈپكى ئىدىيەسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېسەك خاتالاشمايمىز. رومان قۇرلىرىدا مۇنداق تەلقىنلەر بار: «ئۆز ئېلىنى ياتلارنىڭ تەئەررۇزىدىن قوغدىماي، تاجۇ تەخت غېمىدە بولۇش ھەقىقىي باھادىرلارنىڭ پەزىلىتى ئەمەس. غۇرۇرىنى پايخان قىلىش بەدىلىگە باشقا كىيگەن تاج ھۆكۈمدارغا ھارامدۇر.»[7] (ئەسلىي تەخت ۋارىسلىرى لاياقەتسىز بولسىمۇ) «ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەلگە ياتلارنى باشلاپ كەلسەك سەركەردىلىك شەۋكىتىمىزگە داغ چۈشۈرۈۋالىمىز.»[8] رومانىدىكى يۇنۇسخان: «بول سەلتەنەت، تاجۇ تەختنى ئاشۇ باباىي بۇزرۇكلەر قان كېچىپ قولغا كەلتۈرگەن، بىزگىچە ئۇلاشتۇرغان. مەنمۇ ئۇنى ئەۋلادلىرىمغا تاپشۇرۇشۇم، ئول يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەك. بولمىسا، ئۇنى ياتلار تارتىۋالىدۇ، ئەل ـ يۇرتنى پايخان قىلىدۇ. ئاۋام ـ رەئىيەت مەھكۇملۇققا مۇپتىلا بولىدۇ...» [9] دەيدۇ.

روماندا مال ـ مۈلۈككە بېرىلىش يامان كۆرۈلىدۇ. «دۇنيا ـ دەپىنە بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس، بىر ۋاقىلىق جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى ئوزۇقنىڭ دەسمايىسى بولغان ئىككى تەڭگە پۇل ئىنساننىڭ شەۋكىتىگە ھېچقاچان جۇلا بولالماس.» [10]روماندا شۆھرەتپەرەسلىك، خۇنخورلۇق قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، «پەزىلەتلىك خاتۇن ئۆز كۈيۈسى بىلەن بىللە تېتىغان سىركىنى ھالگا(ھالۋا) دەپ بىلىدۇ.» [11]

ساداقەت، ۋاپادارلىق رومانىدىكى پېرسوناژلاردا گەۋدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، روماندا تەسۋىرلەنگەن ئۇلۇسبېگى خۇدايدات، ئەمىر ئاقبۇقا، ئەمىر ئاقتىمور قاتارلىق ئۈچ ئەمىر ئۇۋەيسخانغا شۇنچىلىك سادىق ۋە پىداكار. بۇنداق ساداقەتمەنلەر ئىنتايىن كۆپ.

## 3

كىشىلەر تارىخ سۆزىنى كۆپ تىلغا ئالسىمۇ، تارىخنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. «تارىخ» سۆزى ئادەتتە ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت تەرتىپى جەدۋىلىنى دارىتمىلايدۇ. بۇ ئىبارە يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرىمىزنىمۇ كۆرسىتىدۇ. لۇغەت، قامۇسلاردىكى تارىخ تەبىرى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تارىخ ـ ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت تەرتىپى جەدۋىلىدۇر. يەنە بىرى، تارىخ ـ

ئۆتمۈشكە نىسبەتەن ھېكايە خاراكتېرلىك ياكى شەرھي خاراكتېرلىك تەتقىقات دېمەكتۇر.

بىز ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن كەلگۈسىمىزگە كۆڭۈل بۆلىمىز. كەلگۈسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. تارىخ كەلگۈسىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. توماس. جېففېرسون (Thomas Jefferson): «تارىخ كىشىلەرگە ئۆتمۈشنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى كەلگۈسىگە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىتىدۇ»[12] دېسە، داڭلىق پسىخولوگ سىگمۇند. فرېئۇد: «بىزنىڭ ئۆتمۈش ۋە ھازىر ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىمىز ئاز بولغانسېرى، كەلگۈسىگە بولغان يەكۈنلىرىمىز خاتا بولىدۇ» دېگەن. دەرۋەقە، بىز تارىخنى چۈشەنسەك، ئۇنىڭ ئەندىزىسى بىزنىڭ ھازىر ۋە كېلەچەككە بولغان چۈشەنچىمىز ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئېھتىماللىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تارىخ — بۈگۈننى بېيىتىش يولى. بىز ماكان، مەدەنىيەت ۋە زامان بوشلۇقىدىكى دۇنيادا ياشايمىز. ئاقىلانە دۇنيا قاراش يەر شارىنىڭ ماددىي مۇھىتى، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتلەر قۇرۇلمىسى ۋە تەشكىلاتلىرىنى كەڭ، چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. سەيلە قىلىش، تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنى ئۆگىنىش، جۇغراپىيە ئۆگىنىش قاتارلىقلار بىزنىڭ ماكان ۋە مەدەنىيەت توسالغۇلىرىنى يېڭىشىمىزدىكى قورالىمىزدۇر. ئەپسۇسكى، بىز ماددىي دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەتلەر ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزگە ئوخشاش، بىزنىڭ زامان(ۋاقىت) رامكىلىرىغا بولغان چۈشەنچىلىرىمىزمۇ چەكلىك ۋە كەمتۈك. بىز بۇلارنى پەقەت تارىخنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تولۇقلىيالايمىز.

ئامېرىكا پسىخولوگىيە تارىخچىلىرى ۋايني. ۋىنېي (Wayne Viney)،د. برېت. كىڭ(D.Brett. King) ئېيتقاندەك: «ئۆتمۈشكە سەل قاراش بۈگۈننى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ... مۇكەممەل تۇرمۇش ھازىرنىڭ قىممىتىدۇر. بىراق، ھازىرنى زىيادە تەكىتلەش بىزنى تارىختىن ئايرىپ تاشلاپ، گۆدەك بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە زامان بوشلۇقىغا تاشلاپ قويىدۇ. مۇبادا بىز تارىختىكى قايسى ۋەقەلەرنىڭ بىزنى بۈگۈنگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەنسەك ۋە ئەستە ساقلىساق، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ باي بولىدۇ.»[13]

بىز ساغلام، مۇكەممەل تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن، تارىخ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، تارىخ — ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇش تەربىيەسىگە بولغان تۆھپىدۇر. تارىخنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ شەخسنىڭ بىر خىل سىستېمىلىق، ئومۇمىي قاراشقا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

مەمەدانلىق دەيۈزلۈك ھېسابلانمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا گۈزەل پەزىلەت ئەمەس. تارىخ كىشىلەرگە كەمتەرلىكنى ئۆگىتىدۇ. بىز ئەجدادلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. چۈنكى، بىزنىڭ پائالىيىتىمىز ئالدىنقىلارنىڭ بىلىمى ۋە بايقىغانلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلىشتىن ساقلىنالايمىز. ئالدىنقىلارنىڭ بىلىمىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن كۆز قاراشلار پەقەت بۈگۈنكىلەرنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن كۆزقاراشلاردىن تېخىمۇ ئاقىلانە، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. بىز تارىخ تەتقىقاتى جەريانىدا ھەمىشە دانىشمەنلەرنىڭ دانالىقى، تىرىشچانلىقى، ئىجادىي بايقاشلىرىغا قايىل بولىمىز. تارىخ تەكرار ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ بايقىغانلىرىمىز پەقەت ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى بىلىنگەن چۈشەنچىلەرنىڭ قايتا بايقىلىشىدۇر. شۇنداق ئىكەن، تارىخ بىزگە ئېغىر-بېسىقلىق، كەمتەرلىكنى تەبىئىي ئۆگىتىدۇ.

زىيادە گۇمانخورلۇق ئادەمنى جىلە قىلىپ قويىدۇ. ھالبۇكى، زامانىۋى ئادەم ئۈچۈن، ئېقىمغا ئەگىشىش ئاقىلانىلىك ھېسابلانمايدۇ. تارىخ بىزدە ساغلام بولغان گۇمانلىنىش روھى يېتىلدۈرىدۇ. تارىخ بىلىملىرى كىشىلەرنىڭ نەزەرىيەنى مەبۇد قىلىۋېلىش ياكى مەبۇدنى رېئاللاشتۇرۇشقا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىنى كېمەيتىدۇ. ھەر بىر دەۋردە دەبدەبىلىك شوئارلار، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىنقىلابلار ۋە ئوتوپىيە شەكلىدىكى ئارزۇلارنىڭ قۇربانى بولىدىغان ئاۋام بولىدۇ. تارىخ كىشىلەرنى مۇبالىغىلەردىن، بىر خىللا ئۇسۇل قوللىنىشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بىر خىللا ئىزاھلاشلارغا ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. تارىخ بىلىملىرى بىزگە يېڭىدىن مودا بولۇۋاتقان ياكى كۆپتۈرۈلگەن كۆز قاراشلارنى يەڭگىللىك بىلەن قوبۇل قىلماسلىقىمىزغا نەسىھەت قىلىدۇ. تارىخ بىزنىڭ يوسۇنلارنىڭ بويسۇندۇرۇشىدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەرسە بولىدۇ. بىز ھېچبولمىغاندا شۇنداق ئارزۇ قىلساق بولىدۇ: تارىخ بىلىملىرى بىزنى ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەيدىغان قىلىدۇ.

تارىخ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر جەريانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ھەمىشە تەنقىدكە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئىنېرتسىيەلىك ياكى ئۆزىنى قوغداش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ... تارىخ بىلىملىرى بىزنى نۆۋەتتىكى نىشان بىلەن ئارىلىق ساقلاتقۇزۇپلا قالماي، ئۆزىمىزنىڭ ئويلىرىمىز بىلەنمۇ ئارىلىق ساقلاتقۇزىدۇ. تارىخ بىزنىڭ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى بايقاش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنداقلا بىزنى دۇرۇس پىكىر قىلىدىغان قىلىدۇ. ئەگەر بىز تارىخنى چۈشەنمىسەك، ئەجەللىك خاتالىقلار تەكرار يۈز بېرىدۇ. بىز ئوخشاش كونا مەسىلىلەرنى قايتىدىن ھەل قىلىشقا مەجبۇر

بولىمىز. بۇ خىل ئەھۋال بىر دۆلەت، بىر قوۋم، بىر كىچىك جەمئىيەت... تارىختا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. گۆدەك بالىلار پايانسىز ھازىرقى ھالەتتە دېگۈدەك ياشايدۇ، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى ئۆزىگە ئوخشاشلا گۆدەك، ساددا، بىر تەرەپلىمە بولىدۇ. تارىخ بىلمىگەن كىشىلەرنى شۇ قىياستا چۈشىنىش مۇمكىن.

تارىخ ئېڭى ئالاھىدە ۋەقەلەرنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان كۈچلۈك ئەقىدە ـ ئىشەنچتىن باشلانغان. بۇنداق ئالاھىدە ۋەقەلەر دەۋر بۆلگۈچ ئالاھىدىلىككە، چوڭقۇر بولغان دىنىي، سىياسىي ياكى ئىلمىي مەنىگە ئىگە، دەپ قارالغان. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر كىشىلەرنى قورقۇنچلۇق قىرغىنچىلىقلار ياكى ئۇرۇشلار ۋە تېررورىزم پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلەرنى ئۇنۇتماسلىققا، ئۇنى مەڭگۈ قايتا تەكرارلىماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ھازىرقى بىر قىسىم ئالاھىدە سىياسىي ياكى دىنىي بايرام كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ تارىخ ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئازاب چېكىشىنى تارىختىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ــ ئىلاھىيەتنىڭ يېڭى ئېراسىنىڭ ئېچىلىش ۋەقەسى دەپ قارايدۇ. خىرىستىيان دىنىي تەشكىلاتلىرى مۇشۇ زور ۋەقەگە ئاساسەن ۋاقىت ھېسابلىغان. دېمەككى، بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ رولىغا سەل قاراش بەكمۇ گۆدەكلىكتۇر. بۇ نۇقتىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى مۇتەپەككۇرلار چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. قەدىمكى رىم سىياسىيونى، پەيلاسوپ سىسېرو(م ب 106 ــ م ب 43 ـ يىللار): «تارىخ ۋاقىت ئېقىنىنىڭ گۇۋاھچىسى. ئۇ رېئاللىقنى يورۇتىدۇ، خاتىرىنى جانلاندۇرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە بىزگە قەدىمكى دەۋردىن ئۇچۇر بېرىدۇ»[14] دېگەن. دەرھەقىقەتكى، تارىخ بىز ئۈچۈن بۈگۈن ۋە كەلگۈسىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

ئېنىقكى، ئارىمىزدا ساپ تارىخىي يازمىلارنى زوق بىلەن ئوقۇيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرى، تارىخىي ئەسەرلەر ئابستراكتراق بولۇپ، ئۇ بىزگە ئېتۇت ـ كۈلدۈرگىلەردەك بەدىئىي زوق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇنداق يىرىك يازمىلارنى زورۇقۇپ چۈشىنىشنى خالاپ كەتمەيدۇ. يەنە بىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي چەكلىمىلەر ۋە قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇنداق ئەسەرلەردە كۆپىنچە نوقۇل ئۆتمۈشلا بايان قىلىنىپ، پىكىر جەھەتتە بۈگۈنكى دەۋر رېئاللىقى ۋە كەلگۈسى بىلەن تۇتاش لىنىيە ھاسىل قىلالمىغان. تېخىمۇ مۇھىمى، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تارىخنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس.

بىز تارىخ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئېتىراپ قىلساق، كىشىلىرىمىزنىڭ تارىخنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە، تارىخىي ئەسەرلەردىكى ئابستراكتلىق، تارىخ يېزىقچىلىقىدىكى چەكلىمىلىكلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك. تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇشۇ بوشلۇقنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىدۇر. چۈنكى، تارىخ ئەمەلىي ئىسپات ۋە ئىزاھات تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىي ئىسپات جامائەتكە ئاشكارىلانمىغان خەت ـ چەكلەر، ئاخبارات ئۇچۇرلىرى، ئۈن ـ سىن ھۆججەتلىرى، ھۆكۈمەت ئارخىپلىرى قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ياكى شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىزاھات تەركىبى تارىخشۇناسلار تارىخىي مەلۇمات، ماتېرىياللارنى چۈشىنىشتىكى تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسپات تەركىبلىرى ــ ماتېرىياللارنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ماتېرىياللارنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، شەرھلەش خاراكتېرلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈشى كېرەك. بۇ خىل تەتقىقات زىددىيەتلىك ھالقىلارغا تەپسىلىي قاراپ چىقىش، مۇناسىۋەتلىك ۋە مۇناسىۋەتسىز ماتېرىياللارنى ئايرىش، ئوخشىمىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ۋەزنىنى تەكشۈرۈپ باھالاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ جەريان رەسىم جىپسىلاش ئويۇنچۇقىنىڭ مەلۇم پارچىلىرىنىڭ كەملىكىنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئوينىغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، تارىخ ئەسەرلىرىدىكى ئابستراكتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئوڭاي ئەمەس. بۇنى، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مېتودى بەلگىلىگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، بۈگۈنكى كۈندە ئاجىز قوۋملارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى شەرھلەش ئىجتىمائىي كونترول ئىرادىسىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭا، تارىخىي ئەسەرلەردە بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى باغلاپ ئىزاھلاشقا ئامال بولمايمۇ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمدى تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە كەلسەك، بۇ خىل ئەسەرلەرنى يېزىش مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۆتمۈشنى ھېكايىلەشتۈرۈپ — ئەدەبىيلەشتۈرۈپ بايان قىلىدىغان تارىخ تەتقىقاتىدۇر. ئۇنىڭدا كىتابخانلارنى زېرىكتۈرىدىغان تارىخىي ئىزاھلار بولمايدۇ ياكى ئاز بولىدۇ. تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىياسەن ئوبرازى تىل ۋاستىسى بىلەن يارىتىلىپ، كىشىگە جانلىق تەسىرات قالدۇرىدۇ. گەرچە، ئىلمىي تارىخىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئوقۇشقا كۆپ ۋاقىت كەتسىمۇ، ئۇ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە خاتىرىسى ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ.

بىر قوۋمنىڭ تارىخ دەپ چۈشەنگىنى ھەرگىزمۇ نوقۇل يىلنامىلىق تارىخ بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئالدىنقىلارنىڭ بىخەتەرلىك، ئەركىنلىك، بەخت تۇيغۇلىرى جانلىق خاتىرىلەنگەن تارىخ بولۇشى كېرەك. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاش ئادىتىنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى،

ئەركىنلىك، مۇۋەپپەقىيەت، بەخت، دىيانەت، پەزىلەت قاراشلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىر تارىخىي روماندا ئاپتور مۇشۇ تەرەپلەرنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بىر تارىخىي رومان زامانداشلىرىمىز ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن شۇنداق ئەھمىيەتلىككى، ئۇ كەلگۈسىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى؛ بۈگۈننى بېيىتىش يولى؛ رېئاللىقنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇش ئوقۇشلۇقى؛ كەمتەرلىككە ئۈندەش چاقىرىقى؛ ساغلام بولغان گۇمانلىنىش روھى مەنبەسى؛ تەپەككۇر جەريانىنىڭ كاتالىزاتورى...

تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرلەر (بولۇپمۇ تارىخىي رومان) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى. تارىخىي رومانلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى يېزىلغان دەپ قارىيالمىساقمۇ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ زۆرۈر تارىخىي جەريانلىرىنى ئىرىنمەي ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، تارىخىي رېئاللىقنى بەدىئىي تۈستە قەلەمگە ئېلىپ، كىتابخانلارنىڭ تارىخنى ئۆگىنىش ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوق ئېلىش ئىستىكىنى قاندۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش. ھۆرمەتلىك يازغۇچى ئاكىمىز ياسىنجان سادىق چوغلان ھەم رېئال تېمىدا ھەم تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىپ، ھەر ئىككى ساھەدە تەڭ دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. «باھادىرنامە» رومانى «جاللات خېنىم»دىن كېيىن يېزىلغان، ئانا يۇرتىمىز، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە يېزىلغان مۇنەۋۋەر تارىخىي رومانىدۇر.

«باھادىرنامە» ــ جانلىق تارىخىي ئوقۇشلۇق. رومان بۇنىڭدىن 600 يىللار بۇرۇنقى ئەجدادلارنىڭ باتۇرلۇقى، ئەقىل ـ پاراستى، ئەخلاق ـ دىيانىتىنى ئىشارە قىلىدۇ. بىزگە ئەينى دەۋرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، تىل گۈزەللىكى، ئەخلاق قارىشى، ئوردا قائىدىلىرى، لەشكىرىي ئىلىم جەھەتلەردە بىلىم بېرىدۇ؛ قوۋمىدىكى ئىناقلىق، مېھرى ـ شەپقەت، ئاقىللارغا، يۇرت پاسىبانلىرىغا بولغان ساداقەت، ھىماتچىلىق قاتارلىقلارنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى سەممىزگە قايتا سالىدۇ؛ بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تارىختىكى سەمەرقەنت، تۈركىستان، موغۇلىستاندىن ئىبارەت ئۈچ سەلتەنەت ئەتراپىغا ئۇيۇشقان، بەزىدە بىر پۈتۈن ھالەتتە، بەزىدە بۆلۈنمە ھالەتتە مەۋجۇت بولغان، ئەمما، يىلتىزى، دىنى، تىلى، قوۋمى بىر بولغان قېرىنداشلاردىن ئىكەنلىكىنى تەكرار سەممىزگە سالىدۇ؛ قان ـ قېرىنداشلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى تەخت ـ سەلتەنەت تالىشىپ يۈز بەرگەن قانلىق توقۇنۇشلار، ئىناقسىزلىقلار تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان زىيانلاردىن ئۆكۈندۈرىدۇ.

روماندا يەنە بەزى ئۆز قەھرىمانلىرىنى قوغدىيالمىغان ھاكىۋاقتىلىقلارمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. پىرھاجى مۇھەممەت شايەستە قەشقەرنىڭ باتۇر ئەزىمەتى ھېسابلانغان قاراقول ئەھمەت مىرزىنى يۈز نەپەر نۆكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يالاپ ئاپىرىشقا بۇيرۇق بەرسە، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچكىم ھەرىكەت قىلمايدۇ. بۇنداق دەلتىلىك تارىختىكى ئۆز قەھرىمانلىرىنى قوغدىيالماي، قەھرىماننىڭ ئۆلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ناھايىتى بىر «يىغا ـ زار قىلىشىپ» ئۇزىتىپ قويىدۇ.

تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلساق، ئىستېلاچىلارنىڭ بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سۇيىقەستى سەۋەبىدىن نەچچە چېگرا پاسىللىرىغا پارچىلىنىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى كۆزگە ئىلىشماي، بىرىنىڭ دۆلىتىدە يەنە بىر قېرىنداش قوۋمغا ئۆچمەنلىك قىلىپ غۇم ساقلاپ يۈرۈۋاتقان، بىر ـ بىرىدىن تارىختا ئۆتكەن ئالىم ـ ئۆلىما ئۇستازلارنى تالىشىپ، قىزغىنىۋاتقان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ 15 ـ ئەسىرلەردە پۈتۈنلەي بىر قوۋم ئىكەنلىكى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. پادىشاھلار، ئۆلارنىڭ خوتۇن ـ بالىچاقىلىرى ئۆمۈچۈك تورىدەك تۇغقان بولۇپ چىقىدۇ. بىز بۇلاردىن ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە ئىشارە قىلغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

## 4

مەن رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا، ئەينى دەۋرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە كۆپرەك دىققەت قىلدىم. شۇ سەۋەبتىنمۇ، رومانىدىكى بەزى تەرەپلەر مېنىڭ رومانىدىن ھالقىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈمگە سەۋەب بولدى.

مېنى شۇبھىگە سالغان بىرىنچى مەسىلە ــ شارابتۇر. شاراب سۆزى رومانىنىڭ 10 ـ بېتىدە تۇنجى قېتىم ئۇچرايدۇ ۋە شىرمۇھەممەدخاننىڭ سەلبىي سۈپىتى قاتارىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. رومانىنىڭ كېيىنكى مەزمۇنىدا، كېچىدە قېچىشقا تەييارلانغان ئەمىر ئاقبۇغا «ئازراق تىنچلىنىۋېلىش» مەقسىتىدە ئىككى كاسا شاراب ئىچمەكچى بولۇپ، جىقراق ئىچىپ قويىدۇ. مەن رومانىنىڭ 40 ـ بېتىدىكى ئەمىر ئاقبۇغىنىڭ شاراب سەۋەبىدىن زور پېشكەللىككە يولۇققان قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، «ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، سۇلتان خاتۇن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. بىراق، ئەمىر ئاقبۇغا مەي ئىچىدۇ. بۇ يەردە ئاپتوردا تاسادىپىي خاتالىق كۆرۈلدىمۇ ـ قانداق؟» دەپ سوئال قويدۇم. بىراق، رومانىنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە مەي ئىچىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاشكارا ۋە كەڭ ئورۇن ئالغان ئىدى. بۇ يەردە تاسادىپىيلىق ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان يەر ئاستى ئوردىسىدا تەڭ كېچىگىچە شارابىبازلىق قىلىدۇ. رومانىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋردە تۇرپاندا خانلىق مەدرىسەسى بار. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇنىڭدا ئوقۇغان، بىلىملىك

كىشى - يۇ، ئەمما ئۇمۇ ئاستاندىن ئايرىلىپ قاچقۇنلۇقتا تۇرغاندىمۇ، يەنە بىر نەچچە كوزا ئېسىل شاراب ئېلىپ ماڭىدۇ. سەييىدئەلى ئالىپمۇ خانلىق مەدرىسەدە ئۇۋەيسخان بىلەن بىللە ئوقۇغان. ئۇ ئۇۋەيسخان بىلەن قاچقۇنلۇقتا تۇرغاندا ناماز ئوقۇيدۇ - يۇ، يەنە شاراب ئىچىدۇ. ئۇۋەيسخانمۇ بۇ دوستىدىن بۈگۈنكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا، شارابقا مەيلى بار - يوقلۇقىنى سورايدۇ. ئەمما، باشقىلارغا ۋەدە بەرگەندە «ئىمان» ئىبارىسىنى تىلغا ئالىدۇ. سەييىدئەلى ئالىپ ئۇۋەيسخان بىلەن بىللە تۇركىستان شاھى بەرگەن قەسىردە تۇرغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەمرلىرى بىلەن شارابىبازلىق قىلىدۇ. تەختكە ئولتۇرۇپ، تاغىسىنىڭ قارىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ ئەمرلىرى بىلەن شارابىبازلىق قىلىشىپ، «شىركەيىپ» بولىدۇ. ئەمما، ئىسان تايشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، «مۇسۇلمانلارغا ھارام نېمەت تىزىلغان داستىخاندا ئولتۇرۇش جايىز ئەمەستۇر» دەيدۇ. شۇنداق دەيدۇ - يۇ، كېيىن سەييىد ئەلى ئالىپ بىلەن «شارابقا ئېغىز تېگىش»كە ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. كېيىنمۇ ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن كۈن - كۈنلەپ شارابخورلۇق قىلىدۇ.

ئىسان بۇغاخانمۇ كۈندە مەست يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەمرى بولمىش تۆمۈربۇقابەگ ئۇنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى مەدھىيەلەپ، «بىر قەدەھ» ئىچىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمرلىرى «بېلىق كۆزى» قىلىپ قۇيۇلغان قەدەھلىرىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئاغزىلىرىغا «ئۆڭتۈرىدۇ».

روماننىڭ 2 - قىسمىدىمۇ ئىسان بۇغاخاننىڭ بىر قېتىملىق ئوردا زىياپىتى ھەققىدە «سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ نەغمە قىلىشقا، ساقىيلار شاراب كوزىلىرىدىن قەدەھلەرگە شاراب تۆكۈشكە باشلىدى... ئارقىمۇ ئارقا ئىچكەن شاراب تەسىرىدىن ئوبدانلا قىزىۋالغان بىر قىسىم ئەمرلەر چاقچاقلىشاتتى، بىر - بىرىگە شاراب تۇتۇشاتتى، قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلىشەتتى»[15] دېگەن بايانلار بار. ئىسان بۇغاخانمۇ بىكار كۈنلىرىنى شاھمات ئويناش، شاراب ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىسان بۇغاخان تاشكەنتنى ئالغاندىن كېيىن، بىر ھەپتە دېگۈدەك مەست يۈرىدۇ. ئەمما، ئۇ خىيالەن ئۆزىگە «ئىمان بىلەن ئىنساب، مېھرى - شەپقەت ئىنساننىڭ ئېسىل پەزىلىتى، ئىنساننى كامىللىقنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى»[16] دەيدۇ.

ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەمىر لەشكىرى پولات باھادىرمۇ كەيىپ بولىدۇ. ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەمرلىرى «ئاللا ئىگەم» دەپ تۇرۇپ يەنە «غەلىبە ئۈچۈن» قەدەھ سوقۇشتۇرىدۇ. روماندىكى مۇھىم بىر پېرسوناژ بولغان، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان ھۆرمەت ساھىبى سەييىد ئەلى ئالىپمۇ ئىسان بۇغاخانغا يۈز كېلەلمەي... شارابنى بىر تىنىقتىلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، ئاپتور سەييىد ئەلى ئالىپنى ئىسان بۇغاخانغا: «ئىنسان ئەزەلدىن گۇناھقا پاتقۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايتالا بەندىلىرىنى ئىنسابقا، ئىمانغا دەۋەت قىلغان. ئىنساب بىلەن ئىماننى يۈرىكىگە جان ئەيلەپ ياشاشنى، تەۋۋا بىلەن ئەپۇ، مېھرى - شەپقەتنى بەندىلىرىنىڭ ئاشۇ گۇناھ پاتقىقىدىن قۇتۇلۇشىدىكى، ۋۇجۇدىنى پاكلاشتىكى غۇسلى سۈيى قىلغان...»[17] دېگۈزىدۇ.

يۇنۇسخان روماندىكى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان ئوبراز. ئۇ دىنىي ۋە لەشكىرىي ئىلىمدە خېلى يېتىلگەن كىشى. ئەپسۇسكى، ئۇمۇ شاراب ئىچىشنى ئادەتتىكى ئىش قاتارىدا كۆرىدۇ. «ھاۋا سوغۇق تۇرىدۇ، بىرەر ئاپقۇردىن ئىچىپ قوياي»[18]دەيدۇ ئۇ. ئاپتور بايانىدا يەنە ئۇ «كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىلەرنى ئىككى خانىشقا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، پىيالىگە لىقلاپ قۇيۇلغان كۈچلۈك شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.»[19] يۇنۇسخان تۇركىستاننى بۇرۇج ئوغلاننىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىنكى زىياپەتتە، ئاپتور يەنە «ساقىيلار كوزىلاردىن كاسە - قەدەھلەرگە شاراب قۇيۇپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى»[20] دەپ يازىدۇ.

ئىسان بۇغاخاننىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخان دادىسى قازا قىلىپ ئىككى ئاي بولغاندا، ئەمىر بەگلەرنى ئاستانە شەھەر ئاقسۇغا جەم قىلىدۇ. ئۇمۇ بۇ نەزىر پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنىڭ تەبرىكلەش، تەنتەنە پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، شەيخۇلئىسلام بار سورۇندا ئۆزىمۇ مەست بولۇپ، ئەمىر بەگلەرنى شارابقا زورلايدۇ. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ قىزىنىڭ تويىدا نەچچە يۈزلىگەن كوزىلاردا قىمىز، شارابلار ئىچىلىدۇ.

يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى، سۇلتان مەھمۇدخاندا شارابخورلۇق تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

روماندىكى بابۇر تالانتلىق، ئۆگەنگەن ئىلمى ئالاھىدە يۇقىرى ھۆكۈمدار. بىراق، ئۇمۇ شاراب ئىچىدۇ. ھەتتا نەۋرە ئىنىسى سەئىدخانغا شاراپ تۇتىدۇ. ئۇ سەئىدخانغا: «نامەرد شەيباقنى يوقىتىپ، بۈيۈك سەلتەنىتىمىزنى روناق تاپقۇزۇپ، ئەل - يۇرتنى ئاسايىشلىققا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆتۈرەيلى»[21] دەيدۇ. سەئىدخان خېلى ياخشى تەربىيە كۆرگەن يىگىت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھالبۇكى، يېشى خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، دادىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىدۇ.

بىز سەئىدخاننىڭ شۇنچىلىك تەقۋادار ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بىر سورۇندا مەي ئىچىشنى باب كۆرەلمەيمىز. سەئىدخان دادىسى بىلەن شاراب سورۇنىدا تۇنجى ئولتۇرۇشى بولسىمۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئەمرلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى ۋە تاغىسى (سۇلتان مەھمۇدخان)دىن ئانچە تارتىنىپ، قورۇنۇپ كەتمىدى.

روماندىكى مۇشۇنداق شارابىبازلىق، كەيپچىلىك ھېچقانداق بىرەر دىنىي ئۆلىمانىڭ ياكى ئاتا - ئانىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىمايدۇ. بەلكىمۇ نورمال ئىشتەك

داۋاملىشىدۇ. ئاپتورنىڭ قەلىمىدىكى بۇ بايانلار بىر قارىسا بىر ـ بىرىگە زىتتەك، ئاپتوردىن سەۋەنلىك ئۆتكەندەك، ئاپتور بۇنىڭدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرىكى ئىشلارنى يېزىۋېتىپ، شاراب ئىچىش زامانىنى ئۇيلىمايلا بۇگۈنگە ئالماشتۇرۇپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە بىر قارىسا، بۇ بىر تارىخىي رومان بولغاچقا، ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىش مەۋجۇتتەك بىلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ بايانلىرىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام تەربىيەسى ئالغان شاھزادە ۋە ياكى ئەمىر ـ بەگ ئەمەس، بەلكى «سۇ بويىدا »رومانىدىكى بىر ئەزىمەت كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي»دە: «كىچىك بالىنى تۆت ياش، تۆت ئاي، تۆت كۈنلۈك بولغاندا مەكتەپكە بېرىدىغان قائىدە بار. ئاتام خۇراسانغا بارغان ۋاقتىدا مېنىڭ يېشىم شۇ مۇددەتكە يەتكەچكە، ئاتام مېنى مەكتەپكە بەرمەكچى بولدى. شۇڭا، مېنى تەۋەررۇك يۈزىسىدىن ئالدى بىلەن شەيخۇلئىسلام(ئۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم)نىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ــ تەلىم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى»[22] دەپ يېزىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ دەۋردىكى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر باللىرىنى ئاشۇنداق كىچىك ۋاقتىدىلا مەكتەپكە بېرىدۇ. بۇ مەكتەپ ــ دەل ئىسلامى مەكتەپتۇر.

خوش، ئۇ ئىمان، ئىنسابنى ئوبدان بىلىدۇ ـ يۇ، نېمىشقا ئىسلامدا ھارام قىلىنغان شارابنى شۇنچە ئادەتتىي ئىش قاتارىدا كۆرىدۇ؟ ئەجەبا، ئاپتورنىڭ رومانىنىڭ تەۋەررۇك قۇرلىرىنى شاراب سۈيى بىلەن بۇقەدەر كەڭ «ھەلەق» قىلىۋېتىشى بەك چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكمۇ ـ قانداق؟ ئەينى زاماندىكى رېئاللىق ھەقىقەتەن شۇنداقمىدى؟

مەن مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ پىكىر يۈرگۈزۈشۈم «تارىخى رەشىدىي» ۋە «بابۇرنامە»نى قايتىدىن ئوقۇشنى شەرت قىلدى. چۈنكى، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە يەنىلا «تارىخىي رەشىدىي»، «بابۇرنامە»گە مۇراجىئەت قىلىمىز. قولىمىزدا شۇ دەۋر تارىخىنى ئەتراپلىقراق يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەسەرلەردىن يەنە ھېرمان ۋامبېرى يازغان «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» دېگەن كىتابمۇ بار. بىراق، بۇ كىتابتا ئاپتور تارىخىي ۋەقەلەر تىزمىسىغا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلغان. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى، تارىخشۇناس بوۋىمىز مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئەسىرىدە: «... بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ھېكايەت ـ ۋەقەلەردىن ئۆزۈم كۆرمەي، كىشىلەردىن نەقلەن ئىشىتكەنلىرىمنى ئۈزۈكسىز ئىنقىلاپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسپاتلىغان بولسا ۋە ئۇ ھېكايەت ۋەقەلەرنىڭ خاتىرەم لەۋھەسىدە ئەقلىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ئايان بولسا، ئاندىن ئۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ، بۇ ‹مۇختەسەر›گە يازدىم...»[23] دېگەن. بوۋىمىز مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئەگەر ئەينى دەۋرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىغىمۇ ئەنە شۇنداق چىن مۇئامىلە قىلغان بولسا، «تارىخى رەشىدىي»نى شۇ دەۋرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى چۈشىنىشنىڭمۇ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. بوۋىمىز زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك خاراكتېرلىك ئەسىرى «بابۇرنامە»مۇ ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى چۈشىنىشىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم دەستۇردۇر. ئۇنداقتا، بۇ ئىككى كىتابتا شاراب ھەققىدە نېمىلەر يېزىلغان؟

مەلۇمكى، «تارىخى رەشىدىي»دە ئۇ زامانىنىڭ كىشىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر شاراب ئىچىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، «دوستمۇھەممەدخان مەست ... ئولتۇرۇپتۇ»[24] دەپ تىلغا ئېلىنغان. «ئۇلار(موغۇلستان خانلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى دېمەكچى ــ ئا) نەپىس رەختلەردە تىكىلگەن لىباسلارنىڭ ھۇزۇرى ھەمدە لەزىز تائام، شاراب ۋە مېۋىلەرنىڭ لەززىتىدىن كېچىپ، ئۆز جانلىرىنىڭ سالامەتلىكى ۋە نۇسرەت ئېلىپ كەلگۈچى لەشكەرلىرىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى قوغدىغاندى»[25] دېگەن بىر بايانمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا، شاھىبېك موغۇل خانلىرىغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلىدۇ. سەئىدخاننى نازارەتكە ئالىدۇ. ئارىدا سەئىدخان قېچىپ چىقىدۇ. ئەمما، شاھىبېكنىڭ زىيانكەشلىكىدىن تولۇق قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە، جانىبېك سۇلتان سەئىدخاننى ئازاد قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. سەئىدخان بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. شۇ چاغدا خاجە ئەلى باھادىر: «... كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت، غەم يېمە. ھازىر شۇنداق ۋاقىتتۇركى، روھىمىزغا شاراب ئىچىش ئارقىلىق راھەت يەتكۈزگەيمىز ۋە ئالەمنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن بىر پەس خالاس بولغايمىز»[26] دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ خۇشاللىق يۈزىسىدىن بىر كۈن سورۇن قىزىتىپ، شاراب ئىچىدۇ. «تارىخى رەشىدىي»دە سەئىدخان ھەققىدە يەنە: «خاننىڭ ياشلىق ۋاقتىدىكى ھالىتى ناھايىتى قالايمىقان، ئۇ بىپەرۋا، ھېيىقمايدىغان، مەيخور ۋە ھوشسىز ئىدى. ھەتتا بىر سائەتمۇ شاراب ئىچمەكتىن خالىي بولالمايتتى»[27] دېيىلگەن.

«بابۇرنامە»دىمۇ مۇشۇنداق بايانلار بار. بابۇر ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا ھەققىدە دەسلەپ «ھەنەفىي مەزھىپىگە كىرگەن پاكىز ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. بەش نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئۆمرىي قازالىرىنى تاماملىغان ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى...»[28] دەپ يازغان بولسا، كېيىن يەنە «...بۇرۇنلاردا كۆپرەك ئىچەتتى. كېيىن ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئولتۇرۇش قىلىدىغان بولدى...»[29] «... ئاتام بەزىدە شارابقا

تەكلىپ قىلسىمۇ، ئۇزرە ئېيتىپ ئىچمەيتتىم»[30] دەپ يازىدۇ. ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ يېقىنلىرىدىن خوجا ھۈسەيىن بەگ ھەققىدە «ئادەمگەرچىلىكى بار، ياۋاش كىشى ئىدى. شۇ زامان ئادىتى بويىچە ئىچىملىك ئولتۇرۇشلىرىدا قوشاقلارنى بەك ياخشى ئېيتار ئىكەن»[31] دەپ يازىدۇ.

بابۇر سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھەققىدە: «ھەنەفى مەزھىپىگە كىرگەن پاكىز ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. بەش نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئىچىملىك ئىچكەن ۋاقىتلىرىدىمۇ نامازنى تاشلىمايتتى...»[32]«گاھىدا ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتسە، يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈن ئۈزمەي ئىچەتتى. گاھىدا ئىچىملىكتىن چەقىپ يەنە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈن ئىچمەي قوياتتى... ياخشى ئىچەتتى. ئىچمىگەن كۈنلىرى كەيپسىزلىنەتتى...»[33] دەيدۇ. بابۇر سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھەققىدە: «نامازنى تەرك قىلمايتتى... شارابنى ئۈزمەي ئىچەتتى»[34] دەيدۇ. بابۇرنىڭ بايانىدىكى بايسۇنقۇر مىرزىمۇ «ئىچىملىككە بەك مايىل ئىدى، ئىچمىگەن چاغلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى.»[35] «سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا(ھۈسەيىن بايقارا) تەختكە چىققان ۋاقتىدا ئالتە ـ يەتتە يىل ئۆزىنى تۇتتى. كېيىن ئىچىملىككە بېرىلدى، خۇراساندا پادىشاھ بولۇپ، پېشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى. لېكىن، ئەتىگىنى زادى ئىچمەيتتى. بەگلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسىمۇ مۇشۇنداق ھالەتتە ئىدى...»[36] بابۇر ھەتتا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بىر خوتۇنى قۇتلۇق بېگىمنى «... ئۆزى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. بىراق، بەك ئۆكتەم ئىدى. شاراب ئىچەتتى»[37] دەپ يازىدۇ.

بابۇر ئۆزىمۇ شاراب مەسىلىسىگە قارىتا ئىككى ياقلىملىق پوزىتسىيە تۇتقان. مەسىلەن، ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھەققىدە: «... ئۆزى قانداق زالىم ۋە پاسىق بولسا، بەگلىرى ۋە نۆكەرلىرىمۇ شۇنداق زالىم پاسىق ئىدى... ھەمىشە ئىچىشۋازلىق... بىلەن مەشغۇل ئىدى»[38] دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئىچىملىككە قارىتا ئۆزىنىڭ قارشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما،«912 ـ يىل(مىلادىيە 1506 ـ 1507 ـ يىللار ئارىلىقى) ۋەقەلىرى»دە «... لېكىن شاراب ئىچىشكە مەيلىم بار ئىدى... ‹ئەمدى ئىچمىسەم قاچان ئىچىمەن› دەپ ئويلىدىم...»[39] دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ شاراب ئىچىشتىن تەلتۆكۈس خالىي ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇلاردىن، شۇ دەۋردىكى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ شارابتىن مۇتلەق يىراق ئەمەسلىكىنى، يەنى، بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، تۈرلۈك دىنىي ئىبادەتلەرگە داخىل بولسىمۇ، شارابنى تەلتۆكۈس تەرك ئەتمىگەنلىكىنى، شاراب ئىچىشتە بەزىدە ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆپ ھېيىقىش بولمىغانلىقىنى، ھەتتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاياللارمۇ شاراب ئىچىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئۇنداقتا، «باھادىرنامە» رومانىدىكى شاراب مەسىلىسى تارىخىي چىنلىققا پۈتۈنلەي ئۇيغۇنمۇ؟

مېنىڭچە بۇ مەسىلىگە كېسىپ بىرنېمە دېيىش يەنىلا تەس. چۈنكى، «تارىخىي رەشىدىي» ۋە «بابۇرنامە»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شاراب ئىچىش ئىشى ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما، مېنىڭ قارىشىمدا، ياسىنجان سادىق چوغلان ئاكىمىز «باھادىرنامە» رومانىدا شاراب مەسىلىسى ھەققىدە تەسەۋۋۇرغا بەكرەك يول قويۇۋەتكەندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، «تارىخىي رەشىدىي»دە: «ئۇۋەيسخان... تەقۋادار مۇسۇلمان، پاك ۋە كەرەملىك كىشى ئىدى،»[40] «دىن ئىشىدا سادىق ئىدى»[41] دېيىلگەن. «بابۇرنامە»دە بۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. «باھادىرنامە»دە، ئۇۋەيسخان خېلى «سۇرۇپ ئىچىپ» قويىدۇ. ياسىنجان ئاكىمىزنىڭ قولىدا شۇ دەۋر تارىخىغا دائىر زادى قانداق ئەسەرلەر بار؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئەگەر مۇشۇ ئىككى كىتابتىكى بايانلاردىن پاكىت سۈپىتىدە پايدىلانساق، رومانىدىكى ئۇۋەيسخاننىڭ شارابخورلۇقى تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ چىقىدۇ. يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق.

«تارىخىي رەشىدىي»دە: «سۇلتان ئەھمەدخان ئىنتايىن دىندار، مۇسۇلمانچىلىقى بار، شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان پادىشاھ ئىدى. ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى شەرىئەت قانۇنى بويىچە يۈرگۈزەتتى، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشتا ھېچقانداق سۇلھى ـ سالاغا يول قويمايتتى... ئۇنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرى دىنىي ۋەزىپە ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بەش ۋاق نامازنى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىللە ئادا قىلاتتى...»[42] دەپ يېزىلغان بولسا، «باھادىرنامە»نىڭ 6 ـ قىسمىدا سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا ياردەملىشىپ شايبانىخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتكە كەلگەن كۈنى كەچلىك سورۇندا «سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە بابۇرغا ئالتۇن قەدەھتە، باشقىلارغا كۈمۈش قەدەھتە شاراب كەلتۈرۈلدى»[43] دەپ يېزىلىدۇ.

«بابۇرنامە»نى ئاساس قىلساق، مۇشۇ سورۇننىڭ ئويۇشتۇرۇلۇشى دەل ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدۇر. ئەمما، بۇ تەسەۋۋۇر ۋەقەدە شاراب ئىچىش مەسىلىسىدە ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالى بار. چۈنكى، بابۇرنىڭ بايانىچە، بابۇر بىلەن سەئىدخان ھىجرىيە 908 ـ يىلى(مىلادىيە 1502 ـ 1503 ـ يىللىرى) كۆرۈشكەن. بابۇرنىڭ كىچىك خان تاغىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋېلىش جەريانى «بابۇرنامە»دە خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولسىمۇ، كەچلىك زىياپەت ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن. «باھادىرنامە» بىر رومان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى مۇنچىلىك بىر توقۇلمىنى خاتا دېمەيمىز. ئەمما، بابۇر

«بابۇرنامە»نىڭ «912 ـ يىل(مىلادىيە 1506 ـ 1507 ـ يىللار ئارىلىقى) ۋەقەلىرى»دە «...كىشىلەر ماڭىمۇ ئىچۈرۈپ، مېنىمۇ بۇ دائىرىگە كىرگۈزۈش خىيالىدا بولدى. مەن بۇ چاغقىچە مەست بولغۇدەك شاراب ئىچىپ باقمىغان ئىدىم. مەستلىك، كەيپلىك ھالىتىنى زادىلا بىلمەيتتىم... كىچىكىمدە شارابقا مەيلىم يوق ئىدى، كەيپلىك ھالىتىنى بىلمەيتتىم... ئاتامدىن كېيىن خوجا قازىنىڭ تەسىرىدە زاھىد ۋە تەقۋا ئىدىم. شاراب ئىچىش بۇياقتا تۇرسۇن، شۈبھىلىك تائاملاردىنمۇ ساقلىناتتىم. كېيىن يىگىتلىك ھەۋىسى ۋە نەپس تەقەززاسى بىلەن، شارابقا مەيلىم تارتتى. لېكىن تەكلىپ قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى... قىلىپ باقمىغان مۇنداق ئىشنى ئۆزلۈكۈمدىن قىلىشىم مۇشكۈل ئىدى...»[44] دەپ يازىدۇ. بابۇرنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا 899 ـ يىلى(مىلادىيە 1494 ـ يىلى) ئۆلۈپ كەتكەن. يۇقىرىدىكى بايانلارنى ئاساس قىلساق، ئۇنىڭ سەئىدخان بىلەن كۆرۈشكەن يىللىرى دەل تەقۋا، شارابسىز ياشىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، «باھادىرنامە»دىكى سەئىدخان بىلەن بابۇرنىڭ بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشى سەئىدخان خاراكتېرىگە ماس كەلسىمۇ، بابۇرغا ماس كەلمەيدۇ.

زەمبىرەك ـ مەن «باھادىرنامە»دىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزگەن يەنە بىر تېمىدۇر. مەلۇمكى، زەمبىرەك ـ خېلى بۇرۇنلا ياسالغان مۇھىم ئۇرۇش قورالى. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كاتتا كەشپىيات بولۇپ، «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دېگەن سۆز مىلادىيە 1182 ـ يىلى خەنزۇ تىلىدا پەيدا بولغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا زەمبىرەك ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، سۇڭ دۆلىتى شۇ مەزگىللەردە «ئۇيغۇر زەمبىرىكى»گە تەقلىد قىلىپ ياسىغان زەمبىرەك ناھايىتى ئىلغار قورال بولۇپ قالغان. يىراقتىن چەنلەپ ئېتىش، كۆيدۈرۈش ئۇنۇمى مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى بولغان. «موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنى ئالغاندا، ئۇ يۇرتلاردىكى ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىكارلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدىكى خان تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن يارلىقنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇلارنى زەخمىلەندۈرمەي خان ئوردىسىغا تاپشۇرغان؛ ئۇستىلار ئىچىدە ھەربىي قورال ـ ياراغ ئۇستىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياسايدىغان ئۇستىلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ، مۇئامىلە قىلىنغان... 1279 ـ يىلى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەممە جايدىكى ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياساشنى بىلىدىغان ئۇستىلارنى تايدۇ(ھازىرقى بېيجىڭ)غا يىغىش توغرىسىدا خاندىن يارلىق چۈشكەن...»[45]

ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە... 1332 ـ يىلى ياسالغان بىر مىس زەمبىرەك ساقلانماقتا. «بۇ زەمبىرەك ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمكى ھەربىي قورال يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دۇنيا بويىچە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان زەمبىرەكتۇر... بۇ موڭغۇل زەمبىرىكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرىنى يىغىپ كەلگەندىن كېيىن ياسالغان زەمبىرەكلەردۇر. (چۈنكى) ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللار بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا موڭغۇللار زەمبىرەك ئىشلەتمىگەن. شۇ زامانلاردىكى ئۇرۇشلاردا جىن دۆلىتى ۋە جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى ئىشلەتكەن زەمبىرەكلەرمۇ ‹ئۇيغۇر زەمبىرىكى› دەپ ئاتىلاتتى». [46] «مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىنى قارشى تەرەپكە يىراقتىن ئوق ئېتىپ، زەربە بېرىشتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە غالىب ئورۇندا تۇرغۇزغان ‹ئۇيغۇر زەمبىرىكى› ئەينى زاماندا ھەربىي ھۈنەر ـ سانائەت جەھەتتىكى بىر چوڭ كەشپىيات، ئۇيغۇر خەلقى تىكلىگەن ھەربىي سانائەت تارىخىدىكى نامايەندە...» [47] دۇر.

مەن روماننى ئوقۇش جەريانىدا ئىشلىتىلگەن قورال ـ ياراغلارغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ كەلدىم. مېنى تەئەججۈپكە سالغىنى، رومانىنىڭ 5 ـ تومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاندىن «ئىسفەرە قورغىنىنىڭ سېپىلى ئۈستىگە ئورنىتىلغان زەمبىرەكلەر زىيادە كۆپ ئىدى. بۇ، ئىسفەرەدىكى شاھ قۇلى مەردان ئىسىملىك ئۇستا زەمبىرەكچىنىڭ تۆھپىسى ئىدى»[48] دېيىلگەن. بۇ ۋەقە 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكى ئۇرۇشلار زەمبىرەك پات ـ پات تىلغا ئېلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدىي» دە ئەينى دەۋردىكى زامانىۋى ياراق بولغان زەمبىرەك ھەققىدە كونكرېت ئۇچۇر بېرىلمىگەن. «بابۇرنامە»دە بولسا، 1494 ـ يىل ۋەقەلىرىدە «قورغاننىڭ بۇرج(توپ ئورنى پوتەي) ۋە سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى»[49] دېگەن قىستۇرما بايان بار. ئەجەبا، بۇندىن بۇرۇن بۇ زېمىندىكى ئۇرۇشلاردا راستىنلا زەمبىرەك ئىشلىتىلمىگەنمۇ؟...

مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغان مەسىلىلەر بۇلا ئەمەس. روماندا مەلىكە مەختۇمسۇلۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بولماسلىقى، بابۇرنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئېنىقسىزلىقى، شەرق ئەللامىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە روماندا بەزى ئۇچۇرلار، ياندىشىما بايانلارنىڭلا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ ئەينى مەيداندا زاھىر بولماسلىقى... قاتارلىقلار روماندىن مەلۇم كەملىك ھېس قىلدۇردى.

5

ھۆرمەتلىك ياسىنجان سادىق چوغلان ئاكىمىز يۇرتىمىز تارىخىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادەك كەڭ بىر مەدەنىيەت بەلبېغىنىڭ بىر ـ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي ۋەقەلىرىنى بەدىئىيلەشتۈرۈپ قەلەمگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلدى ۋە بۇ پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. نەشرىياتىمۇ ئۇنىڭ

ئەمگىكىگە ياخشى باها بېرىپ، رومانىنى نەشر قىلدى. «باھادىرنامە» بۇگۇنگىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخىي رومانلىرى ئىچىدە، بەدىئىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي قىممىتى جەھەتتە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك رومان دېيىشكە بولىدۇ. رومانىنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، تېمىسى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، تارىخىي قىممىتى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ «سۇ بويىدا»سىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەھرىمانلىق ئېپوسىدۇر.

مەن روماندىن ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزگەن تېمىلارغا كەلسەك، شۇ دەۋر تارىخىغا ئائىت بىز بىلىدىغان ئەسەرلەردىن «زەپەرنامە»، «تارىخى رەشىدىي»، «بابۇرنامە»، «بۇخارا ياكى ماۋرائۇننەھر تارىخى» قاتارلىق كىتابلار بار. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە «تارىخى ئەسل» ناملىق يەنە بىر كىتاب يازغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەقەت ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدىلا ئەلىشىر نەۋايى بىلەن زاماندىش نۇرغۇن ئالىم، ئۆلىما، سەنئەتكارلار ئۆتكەنلىكى ئېنىق. ئۇلارمۇ تارىخ قالدۇرۇپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا، مەن ھۆرمەتلىك ياسىنجان سادىق ئاكىمىزنىڭ بۇ رومانىنى يېزىشتىن بۇرۇن تۈرك تىلىدىن خەۋەردار بولۇشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر تۈركىيەدە بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنغان تېما بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەرگە بېرىپ، قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلىشىنى، ئىمكانىيەت بولسا، شۇ دەۋر ھەققىدىكى تارىخىي كىتابلارنى كۆرۈپ بېقىشىنى تىلەيتتىم.

غايىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا، بىر تارىخىي رومان يازغۇچىسى ۋاقتى كەلگەندە ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي تارىخ تەتقىقاتچىسىدىن ھالقىپ جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسىغا ئايلىنالىشى لازىم. ئۇ ئۆزى يازماقچى بولغان دەۋرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بىلىشتىن باشقا يەنە جەمئىيەت ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى كەمتۈك بولۇپ قالسا، زىل تەرەپلەردە مەسىلە كۆرۈلۈشى تەبىئىي.

مەن ياسىنجان سادىق چوغلان ئاكىمىزنىڭ بۇ رومانىنى يېزىۋاتقانلىقى، نەشرگە تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بولغاچقا، رومانىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىدىن بىخەۋەر بولساممۇ، تېزرەك نەشردىن چىقىشىغا تەقەززا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى ئىدىم. ئەلۋەتتە، رومانىنى كېچە-كېچىلەپ ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ رومانغا قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانلىقىنى قىياسەن چۈشەندىم. ئەمما، مەن ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز زور دەرىجىدە شالغۇتلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان بۇ كۈنىمىزدە، تارىخىمىزنىڭ مەلۇم بىر دەۋرنىڭ پۈتۈنلەي مەي-شارابسىز شەكىلدە بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەن مۇشۇ روماندىن شۇنداق بىر غايىۋى مەنزىرىنى ئىزدەيتتىم. ھالبۇكى، تارىخىمىزدا مۇنداق بىر غايىۋى دەۋر بولۇپ ئۆتمىگەن چېغى. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر «باھادىرنامە»دە شاراب ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسا ياكى ھېچبولمىسا بۇقەدەر كەڭ ۋە ئاشكارا بايان قىلىنمىغان بولسا، بۇ كىتاب ئەۋلادلارنىڭ ئەلتۆكۈس ئەخلاق ئوقۇشلۇقىغا ئايلانغان بولاتتى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەگەر روماندا شاراب ئىچىش ئىشى مەلۇم دائىرىدە كۆرۈلگەن بولسا، بۇ پۈتۈنلەي دەۋرنىڭ خاتالىقى بولاتتى. بىراق، روماندا شاراب ئىچىش بەكمۇ «ئاممىۋى» ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شاراب ئىچىش ئىشى ھېچكىمنىڭ يۈزتۇرا قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئاپتوردىن مەلۇم سەۋەنلىك ئۆتتى، دېيىشكە بولىدۇ. تەربىيەۋىلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ تەرەپ، روماندىكى بىر نۇقساندۇر. چۈنكى، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ھازىرقى ۋەكىلى، 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى گۈنتېر گىراس: «ئەدەبىيات تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا تەلىم-تەربىيە قورالى...»[50] دېگەن ئىكەن. ئەدەبىياتنىڭ رولى جەھەتتە، مەن مۇشۇ ئىدىيەگە سېغىنغۇچى. مەن «باھادىرنامە» ئوقۇرمەنلىرىنىڭ روماندىكى شاراب مەسىلىسىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلماي، ئۇنى بۈگۈنكى مەدەنىيەت شالغۇتلىشىشنىڭ «كىلاسسىك پېشىل چىرىغى» دەپ تونۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

قەيت قىلىش زۆرۈركى، بۇنداق يىرىك تېمىدا ئەسەر يېزىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ھەممە يازغۇچىغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. مۇنداق كەڭ سەھىپىلىك ئەسەرنىڭ ئاپتوردىن قانچىلىك غەيرەت، چىدامچانلىق، جاسارەت كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. «باھادىرنامە» ئاپتورنىڭ نەچچە يىللىق ئاجايىپ زور مېھنىتىنىڭ نەتىجىسى. بۇ رومان ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مېنىڭ بۇ يازمام بۇ ھەقتىكى «دېڭىزدىن تامچە»، خالاس.

2010-يىلى 20-دىكابىر يېزىلدى، 2011-يىلى 20-ئىيۇن تۈزىتىلدى. پوسكام

ئىزاھلار:

[1] ۋايني(Wayne Viney). د،برېت.كىڭ (D.Brett King) ، (ئامېرىكا): «پسىخولوگىيە تارىخى»، دۇنيا كىتاب نەشرىياتى شېركىتى بېيجىڭ شىركىتى 2009-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5-بەت.
[2] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3-توم، 1258-، 1259-بەتلەر.
[3] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3-توم،

1492 ـ، 1493 ـ بەتلەر.

[4] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە» ،1 ـ توم،131 ـ بەت.

[5] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 1 ـ توم، 282 ـ بەت.

[6] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 1 ـ توم، 247 ـ بەت.

[7] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 1 ـ توم، 276 ـ بەت

[8] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 1243 ـ بەت.

[9] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 1414 ـ بەت.

[10] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 1 ـ توم، 248 ـ بەت.

[11] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 1 ـ توم، 277 ـ بەت.

[12] ۋايىنى.ۋىنىي، د.برېت.كىك (ئامېرىكا): «پسىخولوگىيە تارىخى»، 1 ـ بەت.

[13] ۋايىنى.ۋىنىي، د.برېت.كىك (ئامېرىكا): «پسىخولوگىيە تارىخى»، 2 ـ بەت.

[14] ۋايىنى.ۋىنىي، د.برېت.كىك (ئامېرىكا): «پسىخولوگىيە تارىخى»، 5 ـ بەت.

[15] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 2 ـ توم، 762 ـ 763 ـ بەتلەر.

[16] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 1031 ـ بەت.

[17] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 1027 ـ بەت.

[18] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 946 ـ بەت.

[19] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 948 ـ بەت.

[20] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 3 ـ توم، 1289 ـ بەت.

[21] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 6 ـ توم، 2383 ـ بەت.

[22] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 2008 ـ يىلى 3 ـ باسمىسى، 1 ـ توم، 424 ـ، 425 ـ بەتلەر.

[23] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 2 ـ توم، 558 ـ ، 559 ـ بەتلەر.

[24] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 203 ـ بەت.

[25] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 470 ـ بەت.

[26] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 499 ـ بەت.

[27] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر گۆرگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 295 ـ 296 ـ بەتلەر.

[28] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى 1992 ـ يىلى 1 ـ باسمىسى، 11 ـ بەت.

[29] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 12 ـ ،13 ـ بەتلەر.

[30] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 357 ـ بەت.

[31] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 24 ـ بەت.

[32] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 33 ـ بەت.

[33] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 35 ـ بەت.

[34] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 48 ـ ،49 ـ بەتلەر.

[35] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 129 ـ بەت.

[36] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 306 ـ بەت.

[37] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 37 ـ بەت.

[38] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 43 ـ ،44 ـ بەتلەر.

[39] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 357 ـ بەت.

[40] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 161 ـ بەت.

[41] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر گۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 161 ـ بەت.

[42] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر گۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، 1 ـ توم، 266 ـ بەت.

[43] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 6 ـ توم، 2380 ـ بەت.

[44] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 356 ـ 357 ـ بەتلەر.

[45] قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ باسمىسى، 154 ـ بەت.

[46] «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 155 ـ ،156 ـ بەتلەر.

[47] «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 156 ـ بەت.

[48] ياسىنجان سادىق چوغلان: «باھادىرنامە»، 5 ـ توم، 2043 ـ بەت.

[49] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، 29 ـ بەت.

[50] ئابدۇللا تالىپ: «يىللار ۋە ئەقىدە»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى،10 ـ بەت.

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم.



# ئەسىرنى يىغلاتقان بىر كۈن

— ئىنسانىيەتنىڭ قەدىردان يازغۇچىسى مەرھۇم چىڭغىز ئايتماتوفقا كامالى ئېھتىرام ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن

ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

يادىڭدىمۇ ئېيتچۇ سەن تۇغۇلغاندا،
ھەممە كۈلگەنىكەن، سەنلا يىغلىغان.

شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممىلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

— ئابدۇراخمان جامى

روھىي ئانالىز تەتقىقاتچىسى سىگمۇند فرويدنىڭ: «ئۆلۈم — جىمىكى تەپەككۇرنىڭ چىقىش نۇقتىسى» دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى رەھمەتلىك ئانام ۋاپات بولغاندا بىر قېتىم ھېس قىلغان ئىدىم. ئاشۇ چاغلارغىچە ئانام ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، دېگەن گۆدەكلەرچە ئاڭدا ياشاپ كەلگەن مەن، ئانام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆلۈم ھەققىدە تەگسىز خىياللارغا بەند بولىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ دەقىقىلەردە، داڭلىق شائىر ئوكتاۋىئو پازنىڭ چىن ئۆلۈمنى مەدھىيەلەپ يازغان:

*«جەسىتىمنى يېگىن ئەي، قۇياش،*
*ئۆلۈم ئىزدەش مەن ئۈچۈن ياشاش.»*

دېگەن مىسرالىرىمۇ ئېسىمدىن كەچتى. ھەم «قۇرئان كەرىم» دىكى: «ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» دېگەن مۇتلەق ھۆكۈم مېنى ئۆلۈم ھەققىدە قايتىباشلاردىن چوڭقۇر ئويلىنىشقا دەۋەت قىلدى.

بەرھەق، ئىنسان ئۆلۈمگە خەلق ئېتىلگەن، ئىنسان بىرتۇقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋەھشىلەرچە قوغلىشىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن ئۆلۈمدىن قەتئىي قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ماھىيەتتە ئۆلۈممۇ يۈكسەك نېمەت! ئۆلۈمنىڭ يۈكسەك نېمەت ئىكەنلىكىنى زاھىرەن تەرەپتىن ئەمەس، باتىنەن تەرەپتىن تەپەككۇر ئەتكەن ئۇلۇغ ئىنسانكار شائىر بابارەھىم مەشرەپمۇ مىلادىيەنىڭ 1711 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 71 ياشلىق چېغىدا، دار ئالدىغا كېلىپ:

*ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا يىغلاسۇن يار ئالدىدا،*
*قالماسۇن ئەرمان يۈرەكتە، ئەتسۇن ئىزھار ئالدىدا.*
*ئەندەلىبى بىنەۋادەك نالەۋۇ ئەفغان بىلە،*
*دائىما يىغلاپ تۇرۇرمەن ئەينى گۈلزار ئالدىدا.*
*مەنسۇرى ھەللاجدەك ئەجەپ شارابى ئەنتەھۇر،*
*چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇرمەن ئۇشبۇدەم دار ئالدىدا.*
*ھەر كىشى بىر جۈرئەتى نۇش ئەيلەسە بۇ بادەدىن،*
*ئول قىيامەتتە قىلۇرلەر ئەرزىنى جەببار ئالدىدا.*
*تەلبە مەشرەپ قىلماغىل سىررىڭنى زاھىدغە ئەيان،*
*ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلاغايسەن ئاشىقى زار ئالدىدا.*

دېگەن مەشھۇر غەزىلىنى ئوقۇپ «ئاخىرقى قېتىم كىشىلەرگە قاراپ، تەبەسسۇم قىلىپ... دارغا ئېسىلىپ جان ئۈزگەن ئىدى.»

ئەنە شۇنداق ئۆلۈملەر ئىچىدە يەنە تۆمۈر خەلىپە، ئابدۇقادىر داموللا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، تەۋپىق ئەپەندى... قاتارلىقلارنىڭ ئۆلۈممۇ بىر ئۆلۈم ئىدى. نىياز ھېكىمبەگ، رۇزى موللا، ھېكىمنۇر، مەمتىمىن ئاق كىرپىك... قاتارلىق خەلقىنىڭ مەڭگۈ قارغىشىغا قالغان مەلئۇنلارنىڭ ئۆلۈممۇ بىر ئۆلۈم ئىدى.

راست، ھەممە جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. ئەمما قانداق ئۆلۈش،نېمە قىلىپ ئۆلۈش — ئادەمنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى ۋە قاتتىق پىرىنسىپى، چېكىقالغان ۋۇجۇدى ئىنكارىغا باغلىق. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بىر ۋودورود بومبىسىنىڭ قۇۋۋىتىدىنمۇ كۈچلۈك بولسا كېرەك.

ناھايەت، ئەمدىكى سۆز پۇرسىتىنى سۆز مەنىلىرىمىزنىڭ ئەڭ يادروسىدا تۇرغۇچى، ئۆلۈم ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىز ئۈچۈن يەنە بىر ئەڭ ئەلەملىك ھاياجانلىق قوزغاتقۇچىلىق رولىنى ئوينىغۇچى جاھان ئەھلىگە مەشھۇر بولغان قەدىردان يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزغا قالدۇرايلى.

ئايتماتوف ۋاپات بوپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان

چېغىمدا، قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان ئىدىم. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم گويا قىزىتىلغان زىختى باسقاندەك بىئىختىيار ۋىژژىدە قىلىپ كەتتى. 1995 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا سۆيۈملۈك يازغۇچىمىز ئۆتكۈر ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىردان يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ... ئەنە شۇنداق قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئەنە شۇنداق بىر قاتار بىمەھەل ئۆلۈملەرگە مىڭ ئەپسۇس ئېيتىپ يۇرۇۋاتقان كۈنلەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى ۋە ئۇنتۇپ قالسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەرى بولغان، «ئاق پاراخوت»، «قىيامەت»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «كاساندىرا تامغىسى»، «سامانچىنىڭ يولى»، «فۇجىيامادا قەدىرتۇن»، «تاغلار گۇمۇرۇلگەندە» («سارىدال قىز» دەپمۇ ئېلىنغان.) قاتارلىق بىر تۈركۈم دۇنياۋى پەللىدىكى نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تەپەككۇرىغا يېڭىچە ئويلىنىش ۋە ھاياتىي تەپەككۇر ئاتا قىلغان دۇنياغا مەشھۇر قەدىردان يازغۇچى چىڭغىز تۆرەقۇلوۋىچ ئايتماتوف ئوغلى 2008 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گېرمانىيەنىڭ نيۇرېنبېرگ شەھرىدە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى... ئۆزۈمچە جىمجىت تۇرۇپ قالدىم. ئايتماتوفقا جىمجىت ئەزگۈ تىلەك تىلىدىم. ئىچىمدە جىمجىت يىغلىدىم...

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارمۇ ئايتماتوفقا مۇڭلۇق ماتەم بىلدۇرمەكتە. ئۇزايىدىن قارىغاندا بەك جۇدەپ كەتكەن بولسا كېرەك، «جەمىلە» پوۋېستىدىكى جەمىلە بېشىدىكى ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكەچ دانىيار بىلەن بىللە ئايتماتوف! قېنى سىز؟!... دەپ ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا. «ئاق پاراخوت» تىكى مۆمىن چالمۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە، ئاتىسىنى ئىزدەپ ئىسسىق كۆلگە ئۆزىنى ئاتقان ھېلىقى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھازىدارلارنىڭ قاتارىغا قىستالدى... ئەنە يىراق تاغ چوققىسىدا بىر جۈپ بۇغا ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ. ئەنە، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»دىكى، بالىسىنىڭ ئاتقان ئوقىدا قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەن نايمان ئانا، بار ئاۋازى بىلەن جار سېلىپ، «ئاھ، باغرىم، ئايتماتوف، ئاھ، كۆز نۇرۇم ئايتماتوف!...» دەپ نالە - پەرياد قىلغىنىچە ئايتماتوفقا ھازا ئېچىۋاتىدۇ. يەنە، يېدىگەي، ئەبۇ تالىپ، قازانقاپ، ساۋۇتلارمۇ باشلىرىنى ئېگىپ جىم تۇرۇشماقتا. ئەنە «قىيامەت» تىكى ئەيسا، پونتىي پىلاتلارمۇ سۈكۈتتە تۇرماقتا. ئەنە، موينىقۇم چۆلىدىكى نەشكەشلەر بىلەن يەنى رەزىللىك كۈچلىرى بىلەن ئېلىشىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ئاۋدى كاللىستراتوف ئايتماتوف ئۈچۈن ئۈنسىز يىغلىماقتا... ئايتماتوف ئۇنىڭغا«ئەقىدەڭنى ھاياتىڭدىن ئۈستۈن تۇت!» دېگەن سادالارنى ياڭراتقاندەك بولماقتا... بازارباي، بوستونلارنىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كەتكەن،ساقاللىرى بويلاپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىدا «قىيامەت»نىڭ جىمى ئالامەتلىرى ئەكسلىنەمەكتە... ئەنە، ئاۋۇ بىر چەتتە ئېچىنىشلىق سوزۇپ ھۇۋلاپ ئايتماتوفقا نالە قىلىۋاتقان تاشچاينار، ئەكبەرە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى خومكاللا، سۆيگۈنئاي... لار ئانىسى ۋە دادىسى بىلەن بىللە سوزۇپ ھۇۋلاپ ئايتماتوفقا قايغۇرماقتا. بۇ بىر توپ بۆرىلەر قىيامەتنىڭ پىلتىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك، ھازىدار بولۇپ كەلگەن لەكمىڭ ئادەملەرگە قاراپ ئاچچىق ھۇۋلىماقتا ئىدى...

«سارىدال قىز» رومانىدىكى ئارسەن سامانچى بىلەن مۇھەببەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، نام - ئابرۇي، پۇل - مالغا دۈم چۈشكەن ئايدانا ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىيە ۋە ئۇۋۇلىنىش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمىغان بىچارە يولۋاس... لارمۇ ئايتماتوفنىڭ ۋاپاتىغا سۈكۈت قىلماقتا ئىدى...

مانا بۇ كۈندە، ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن ئايتماتوفنىڭ ۋاپاتىغا كەلگەن مىڭلىغان كىشىلەر ئايتماتوف ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرماقتا ئىدى، قىرغىزىستان دۆلەت بايرىقى ئۈچ كۈنگىچە يېرىم چۈشۈرۈلدى، ئايتماتوف تۇغۇلغان شېكەر ئاۋۇلى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان شۇ كۈندىكى، ئەدەبىياتنىڭ سېھىرلىك كۈچى ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە باغلىغان ئاشۇ مىنۇتلارغا، ئاشۇ شانۇ شەۋكەتلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئۆلۈمگە نېمە يەتسۇن؟! ئايتماتوف قەبرىسىگە گۈل قويغان تالاي كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايتماتوف بىلەن قىيماي خوشلاشقاندا، پەقەت بار كۈچىنى يىغىپ: «خەير، ئايتماتوف! » دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىگەندۇ - ھە؟! مانا بۇ ئايتماتوفنىڭ ئۆلۈمى، مانا بۇ بىر ئەسىرنى بىر كۈندە يىغلاتقان ئەڭ سۆيۈملۈك يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف ئىدى!!!...

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ھاياجان بىلەن: «بىزدە، دۇنياغا داڭلىق چىڭغىز ئايتماتوف دېگەن يازغۇچى بار، ئۇ بەك تالانتلىق يازغۇچى» دېگىنىنى ئاڭلاپ، «قانداقراق كىشىدۇ ئۇ - ھە؟» دەپ قىزىقسىنىپ، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئىدىم. 7 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى بىر قىسىم كەپسىز بالىلار بىرلىشىپ، بىر يېرىم كويغا ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ بازارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا راسا ئىچىشكەن ئىدۇق. ھايالشىمايلا بېشىمىز قېيىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ، «ئەرشىئەلاغا چىقىپ» بوپتۇق، بىر چاغدا ياتاققا كەپقاپتىمەن، (ئۇ چاغدا بىزنىڭ بالىلىرى ناھىيە ئىچىدىكى مەكتەپتە ياتاقلىشىپ ئوقۇيتتۇق.) ھېلىقى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئايتماتوف ھەققىدىكى قالتىس تەرىپى مېنى بەك ئەسىر قىلىۋالدىمۇ - قانداق، مەن مەستلىكىمدە خۇدۇمنىمۇ بىلمەي: «مەن چىڭغىز ئايتماتوف بولىمەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىمەن!» دەپ سارالڭدەك جۆيلۈپ، ياتاقنى بېشىمغا كىيىپتىكەنمەن. ساۋاقداشلىرىم مېنى «ماقۇل ئايتماتوف بولساڭمۇ بولغىن، ئەمما، جىم يېتىپ

ئۇخلىغىن!» دېسىمۇ ئۇنىماي، مېنى ئايتماتوف بولغىلى قويمىدىڭلار، دەپ يەنە ئەسكىلىك قىلىپ، جار سالىتكەنمەن. ئەتىسى ساۋاقداشلىرىم، ئاخشامقى جۆيلۈشلىرىمنى يۈزۈمگە سالغاندا كىرگىلى يەر تاپالماي، لازىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدىم. شۇندىن باشلاپ ساۋاقداشلىرىم ھېمىشە مېنى :«ھەي، چىڭغىز ئايتماتوف، قانداقراق؟»دەپ ئەتەي تە قىلىپ چىشىمنى قېرىشتۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن، مەستلىكىمدە دېگەن ئاشۇ جۆيلۈشلىرىمگە ھېلىھەم قاتتىق خىجىل بولىمەن! بۇ جۆيلۈشلىرىم بىر جەھەتتىن ئايتماتوفقا بولغان ئەسەبىيلەرچە ھۆرمىتىمنى ئاشكارىلاپ قويغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىلىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن مەسخىرىلىك مەنىنىمۇ ئاشكارىلاپ قوياتتى.

شۇندىن باشلاپ ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يېزىپ يۈرىيدىغان مەن، تېخىمۇ قىزىقىپ بىر نەرسە يازىدىغان، توختىماي كىتاب ئوقۇيدىغان بولدۇم. چۈنكى، مەن ئايتماتوف بولالمىسامۇ، ئۆزۈمگە لايىق ئەسەر يېزىپ تۇراي دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم. چۈنكى، ھېلىقى بىمەنە جۆيلۈشلىرىم ئالدىدا تاكى بۇ كەمگىچە ئۆزۈمدىن-ئۆزۈم خىجىل بولۇپ يۈرىيمەن.

بۇرۇن ئايتماتوفنى يۈزەكى تونۇپ غايىۋانە ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغان بولسام، ئاخىرى، ئايتماتوفنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا بارغان يىلى ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇپ رەسمىي ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن تونۇشقا باشلىدىم. ئايتماتوف ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئوقۇغىنىم «جەمىلە» بىلەن «ئاق پاراخوت» پوۋېستى بوپتۇ. ئۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ھاياجانلانغان ئىدىم.

كېيىن «قىيامەت» رومانىنى ئوقۇدۇم. «قىيامەت» رومانىنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇپ، تازا چۈشىنەلمەي، قايتا ئوقۇپ رومانغا ئەسىر بوپكەتتىم. روماننىڭ مەن سېزمىگەن يەرلىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. رومانىدىكى ئاۋدى كاللىستروفنىڭ موينىقۇم چۆلىدىكى گېرىشان... قاتارلىق زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن بولغان قەيسەرانە كۈرەشلىرى ۋە شۇ جەريانىدىكى كېيىك ئوۋلاشقا چىققان كىشىلەر بىلەن بۆرىلەر پاجىئەسىنىڭ بىر سىزىق ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىشىدەك... ھەم پاراللېل ھەم ئەگرى-توقاي ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلغان بۇ رومانغا شۇنچىلىك ئەسىر بولۇپ كەتتىمكى، بەش يىللىق ئىستۇدېنتلىق ھاياتىمدا ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ بىزگە سۆزلىگەن بارلىق دەرسلىرىنى ھەرگىزمۇ «قىيامەت» كە تەڭ قىلمايتتىم. «قىيامەت» تىن ئالغان دەرسىمنىڭ تەمى تاكى ھازىرغىچە روھىيەت ئېغىزلىرىمدىن كەتمەگىلىك. ئولتۇرسام، قوپسام، ئويغۇمىدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ ئاشۇ «قىيامەت» ئىدى. ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان «ئىز»،«ئويغانغان زېمىن»، «چالا تەگكەن ئوق»،«قاينام ئۆركىشى» قاتارلىق رومانلار بىلەن تەڭ قاتاردا «قىيامەت» رومانى ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغان ئىدى. بۇ خىل كۈچلۈك تەسىرنىڭ تۈرتكىسىدە «ئۆزىدىن كېچىش، مۇقەددەس دەم ۋە ئادەملەر قىيامىتى» ناملىق ئوقۇش يۈتكىگۈرۈش ئىلمىي دىسسېرتاتسىيەمنى ئاشۇ «قىيامەت» رومانىنى شەرھلىگەن ئاساستا يازغان ئىدىم. يېقىنقى ئوقۇغۇچۇم بۇ ماقالەمنى بىر كۆرۈپلا «قالتىس ياخشى يېزىپسەن!» دېگىنىدە، مۇئەللىمىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان مەن ئىچ-ئىچىمدىن يەنىلا ئايتماتوفقا تەشەككۈر ئېيتقان ئىدىم. دەل مۇشۇ دەقىقىلەردە، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، «يىگانە ئادەم» ناملىق داڭلىق پوۋېستى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئەسەرلىرىدە بىمەنىچىلىك پەلسەپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بەرگۈچى،1957-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نائىل بولغان داڭلىق يازغۇچى ئالبېرت كامۇسنىڭ «سەنئەت-ئىنسان ئىزتىراپلىرى ۋە خۇشاللىقىنىڭ بىپايان مەنزىرىلىرىنى سېزىش ئارقىلىق دىللارغا تەسىر قىلغۇچى قۇدرەتلىك كۈچتۇر» دېگەن مەنىلىك سۆزى ئېسىمدىن كەچتى. ئايتماتوف قەلىمى ئارقىلىق مىليونلىغان دىللارنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىدىن ھالقىغان ئۇتوپىيەلىك يۈكسەك ئاڭ دۇنياسىنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پۇچۇلاندى. ئۇ بىر ئىنساننىڭ زىغىرچىلىك ئەقىدىسىدىن كائىناتقىچە، ئادەمدىن ئادەمگىچە، ئادەمدىن تەبىئەتكىچە... بولغان بارلىق ھايات قىسمەتلىرىنى، تىراگېدىيەلىرىنى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مېھنەت قىلدى. روھىي تاكامۇللۇق قوغلىشىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئايتماتوف: «ئادەمنىڭ ياشاشتىكى ئەھمىيىتى-ئۆز روھىنى كامالەتكە ئىگە قىلىش، دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا بۈيۈك مەقسەت يوق» دېگەن ئىدى. ئايتماتوفنىڭ بۇ يۈكسەك ئەقىدىسى ماھىيەتتە ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ«ھەقىقىي بايلىق-روھىي بايلىقتۇر» دېگەن قىممەتلىك بەرھەق سۆزىنىڭ ئايتماتوف ۋۇجۇدىدا چاقنىشى ئىدى. ئەنە شۇنداق بولغاچ، ئايتماتوف قەلىمىدىكى ئوبرازلارمۇ چىن مەنىدىن يۈكسەك ئەقىدە بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى، ياشاش بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىسىدىكى، تەبىئەت بىلەن جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ئارقىلىق نامايان بولىدىغان روھ ئىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى يۈكسەك ئەخلاق ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىش، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ ماسلىق ئىچىدە قانۇنىيەتلىك ھالدا، بىر-بىرىنى تىرىپىرەن قىلماي بىللە مەۋجۇت بولۇشقا دەۋەت قىلىش، ئىنساننى ئۆز نىيەت، پېئىللىرى ئۈستىدە ئويلاندۇرۇش-ئايتماتوف ئۆمۈرۋايەت تولغانغان تېما بولسا كېرەك. شۇڭا ئايتماتوف «ھەركىم ئۆز روھىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك» دېگەننى مۇنداقلا دېمىگەن بولسا كېرەك. شۇنداق، ئايتماتوف دۇنيا ھەققىدە، ئادەمنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە بارلىق ئىنسان سۆيەر مۇرۇۋۋەتلىكلەرگە ئوخشاش چوڭقۇر ئويلاندى. شۇ ۋەجىدىن ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلغۇچى تىل بالاغەتلىرى

ئارقىلىق تىلىنىڭ مەنىگە ئۆتۈشتىكى كامالەتلىرىنى ھەم ئاددىي ھەم مۇرەككەپ سۈژىتلار راۋاجىدا، ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرى ئۈستىگە جىپسىلاشتۇردى، ئايتماتوف ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق يۈكسەك پەللە ياراتتىكى، رىۋايەتنى ئىنساننىڭ ھازىرىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە تەققاسلىدى. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇش جەريانىدا يوقاتقانلىرىنى قايتا تېپىۋېلىشقا، شۇ تاپقىنىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىشقا چاقىرىق قىلدى. «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى رىۋايەتلىشىپ كەتكەن ماڭقۇرتنىڭ بېشىدىكى ماڭقۇرتلۇق بۆكنى رېئال ماڭقۇرت سابىتقا شۇ دەرىجىدە قاملاشتۇرۇپ كىيگۈزەلىگەندىكى ماھارەتتىن، نايمان ئانىنىڭ بىر قوشاققا ئايلىنىپ: «سەن كىم بىلەمسەن؟ ئاتاڭ دۆدەنباي، مەن سېنىڭ ئاناڭ...» دېگەندىكى ئېچىنىشلىق ئىلتىجالىرىغا پەرۋا قىلمىغان ماڭقۇرتنىڭ، ئانىسىنى ئۆز قولىدا ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك پاجىئەلىرىنى ھازىرقى زاماندىكى ماڭقۇرت سابىتقا تەققاسلاشتىكى ماھارەتتىن ھەيرانۇھەس قىلىپ، نەقەدەر سۆيۈنگەن ئىدۇق-ھە؟... ئەنە ئاشۇنداق، ئىنساننىڭ ئۆز كىملىكىنى ئىزدەش يولىدىكى بۈيۈك تىراگېدىيەلەرنى بىزگە ئۆزىنىڭ كىشى دىلىنى مەستخۇش قىلغۇچى ماھارىتى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈچى ئايتماتوف ئەمدى نەدە؟!... ئۇ كەتتى!!!... ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن شېكەر ئاۋۇلىنىڭ مېھرىلىك توپىسىغا كۆمۈلدى! ياق، ئۇنىڭ مۇبارەك تېنى ئۇ يەرگە كۆمۈلگەن بىلەن، ئەسلىي ئۆزى ئاللىقاچان دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە دەپنە ئېتىلدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئېرىشكەن شان-شەرەپلەرنى ساناپ باقساقلا ئۇنىڭ جاھان خەلقىنىڭ قەلبلىرىدىكى ئورنىنى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتىدا لېنىن نامىدىكى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىللە قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ «ئەل سۆيگەن يازغۇچى» مۇكاپاتىغا نائىل بولغان، ھەم يەنە ئىتالىيەنىڭ «ئېترۇيە» ۋە ھىندىستاننىڭ «جاۋاھەرلال نېھرۇ» نامىدىكى خەلقئارالىق مۇكاپاتلارنىڭ لائورېياتى، ئاۋستىرىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ لائورېياتى، ئىتالىيەنىڭ «ئالتۇن ياپراق» مۇكاپاتىنىڭ لائورېياتى، ياپونىيەنىڭ «شەرق پەيلاسوپى» مۇكاپاتىنىڭ لائورېياتى بولغان، پولشانىڭ «كۈلۈمسىرەش» ئوردېنى، «ماناس-1000» پائالىيىتىنىڭ «ماناس» ئالتۇن ئوردېنى، قازاقىستاننىڭ «تىنچلىق ۋە روھىي ئىتتىپاقلىق» ئوردېنى، ئۆزبېكىستاننىڭ «دوستلۇق» ئوردېنى، «قازاقىستاننىڭ ئەل يازغۇچىسى» دېگەن ئاتاق، ئوردېنلارغا مۇشەررەپ بولغان، 2007-يىلى تۈركىيە ئالازىخ ئايىمقى بىلەن ياۋروپا-ئاسىيا يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ، ئايتماتوف ھۆرمىتىگە ئاتاپ «15-قېتىملىق خەلقئارالىق كەسپىي شېئىر كېچىلىكى» نى ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا «2006-يىللىق تۈرك دۇنياسى تۆھپە مۇكاپاتى»نى بەرگەن. 1982-يىلىدىن باشلاپ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىپ كەلگەن. يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، ئايتماتوف قىرغىزىستان، رۇسىيە، فىرانسىيە، پولشا، گېرمانىيە، بېلگىيە، كانادا، ياپونىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ «مەڭگۈلۈك پەخرىي دوكتورى» لىق ئۇنۋانىغا نائىل بولغان. ئايتماتوف يەنە پارىژدىكى ياۋروپا ئىلىملەر، گۈزەل سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، دېموكراتىك گېرمانىيەنىڭ گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىلىك ئەزاسى بولۇش بىلەن بىللە قىرغىزىستاننىڭ، بېلگىيە-گوللاندىيە-ليۇكسېمبۇرگ ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان كېڭەش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەلچىلىك خىزمىتىنى ئىزچىل ئۆتەپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دۇنيادىكى 170 تىلدا 600 قېتىم نەشر قىلىنىپ، ئومۇمىي تىراژىنىڭ 40 مىليوندىن ئاشقانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئايتماتوفنىڭ مۇبارەك نامىنىڭ جاھان خەلقلىرىدىكى مۇرۇۋۋەتلىك ئورنىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلايدۇ!...

شۇنداق، 20-21-ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىنى ئايتماتوفسىز مۇكەممەل بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدۇ. جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ۋاڭ مېڭ «ئايتماتوف، گارسىيە ماركوس، كافكا، ھېمىڭۋاي قاتارلىق تۆت چەت ئەللىك يازغۇچى جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن» دەيدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ باھالاش ھەيئەت ئەزاسى، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ليۇ زەيفۇ 1987-يىلى «ئايتماتوف ئەسەرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشى ھېمىڭۋايدىن كەم ئەمەس» دېسە، تەتقىقاتچى ۋاڭ جيەنجى «جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن يازغۇچى ئايتماتوفتىن باشقىسى ئەمەس» دەيدۇ.

ئايتماتوفنىڭ ۋاپاتىغا قارىتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىرېزىدېنتى گورباچېف «ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك ئۇلۇغ دوستۇم ئايتماتوفنىڭ ئارىمىزدىن كېتىشى سوۋېت ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر يوقىتىش بولدى» دېسە، رۇسىيەنىڭ سابىق باش باقانى پۇتىن: «ئۇلۇغ يازغۇچى، چوڭقۇر ئويچىل، مېھنەتكەش گۇمانىزمچىنىڭ سىماسى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ» دەپ ھازا تېلېگراممىسىنى يوللىغان. شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ھازىرقى باش باقانى مېدۋېدېف قاتارلىق يېتەكچىلەر قاتناشقان 600 دەك ئادەم ئايتماتوف ئۈچۈن ئالاھىدە بىر مىنۇتلۇق ھازا بىلدۈرۈش يىغىلىشىنى ئۆتكۈزگەن. بۇنىڭدىن باشقا فىرانسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر پەن-مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى ھەر تۈرلۈك ھازا بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقان. تۈركمەن خەلق يازغۇچىسى ر. ئىسنەۋ: «بۇ دۇنيادىن ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان ئىنساندىن بىرى كەتتى، ئېھتىمال، ئايتماتوفنىڭ تالانتىنى، ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى ئەمدى ھېچكىم ئىككىنچىلەپ قايتىلىيالمايدۇ، موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخانى دۇنيانىڭ يېرىمىنى قورال بىلەن بېقىندۇرغان

بولسا، چىڭغىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى قەھرىمانلار بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى» دەپ يۈكسەك باھا بەرگەن ئىدى. داڭلىق يازغۇچى چى زىجيەن خانىم: «ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ يۈرىكىدە ئايتماتوف ئاللىقاچان نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ بولغان، بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قالغانلا يېرى بار خالاس، ئايتماتوفنىڭ ۋاپات بولۇشى ــ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلىيا ئاتىسىنىڭ بىزدىن ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دەيدۇ ھەسرەت بىلەن. ئايتماتوف ئۆزى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇستاز دوستى مۇختار ئەۋىزوف ئايتماتوفقا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەق گەپنى دېسەك، ئادەمنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى ــ ئايتماتوفنىڭ قىرغىز پىروزىسىدىكى ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئەڭ نازۇك دەرىجىدە ئۆزگىچە، چوڭقۇرلاپ تەسۋىرلەشتە كۆرۈلىدۇ. بىزنىڭ قېرىنداش ئەدەبىياتىمىزدا ئادەملەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى كۆپىنچە ھالدا قۇرغاقلا تەسۋىرلىنىدۇ. ئايتماتوف ئۆز پېرسوناژلىرىنى شۇنچىكى سۈزۈك ۋە شۇنچىكى مەنىلىك تەسۋىرلەيدۇ. چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچىلىك ــ پېرسوناژلارنى دەل ئەنە شۇنداق ئىنچىكە، تەبىئىي، گۈزەل ۋە ئاددىي تەسۋىرلەشتە. بۇ قىرغىز پىروزىسىدىكى يېڭى بىر كۆرۈنۈش.»، «تىنچ دون» ناملىق رومانلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىدا شۆھرەت قازانغان مەشھۇر يازغۇچى مىخايىل شولوخوف ھاياجان بىلەن: «بىزنىڭ بۇ ۋەتىنىمىز تالانتلىقلارغا نەقەدەر باي-ھە؟ باي بولغاندىمۇ دۇنياۋى شۆھرەتتىكى تالانتلىقلارغا باي... ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ــ قىرغىزىستاننىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ــ چىڭغىز ئايتماتوف» دەيدۇ. «مەمەت ئاۋاق» ناملىق رومانى بىلەن دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىگە شۇنداقلا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان تۈركىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ياشار كامال: «ئەگەر بىزدە ــ تۈرك ئېلىدە بىردىنبىر ئۇلۇغ شائىر نازىم ھىكمەت بولسا، ئۇلۇغ يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوفمۇ بىزدە شۇنچىلىك مەشھۇر. تۈرك ئوقۇرمەنلىرى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئۇلۇغ قىرغىز يازغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن ھېچقاچان شەكلەنمەيدۇ. ئۇنى تۈرك كىتابخۇمارلىرى ئۆز يازغۇچىسى قاتارىدا كۆرۈپ، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇشىدۇ» دەيدۇ ئىپتىخارلىنىپ. بىزنىڭ قەدىردان، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر، مودېرنىزم بىلەن ئەنئەنىنى ئۆز پىروزىلىرىغا ئەپچىل ئۆزلەشتۈرگۈچى يازغۇچى مۇھەممەت باغراش... قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارمۇ ئايتماتوف ئەسەرلىرىنىڭ شۇنچىكى تەسىر قىلغىنىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

ناھايەت، ئايتماتوف ئارىمىزدىن كەتتى!... ئۇ بىر ئۆمۈر ئادىمىلىك ھەققىدە تەلقىن قىلدى. ئادىمىلىكنى ۋەز-نەسىھەت تۈسىدىن ھالقىتىپ، ئادەمنى ئۆزى ھەققىدە تەخىرسىز ئويلىنىشقا شۇنچىلىك تەبىئىي رىغبەت قىلدى. بىزنىڭ قەدىردان يازغۇچىمىز ئابدۇللا ساۋۇت ئەپەندى بىر قېتىملىق پاراڭدا: «مەن ئۆمرۈمدە، مىخ بولاي، دامكىرات بولاي، يىڭنە بولاي، سۈپۈرگە بولاي دەپ... شېئىر يېزىپ يۈرۈپتىمەن، ئەمدى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدىمكى، بىرەر قېتىممۇ ئادەم بولاي دەپ شېئىر يازماپتىمەن!» دېگەن ئىدى. شۇنداق، ئايتماتوفمۇ «ئادەمگە ھەممىدىن قىيىن توختايدىغىنى ــ كۆنساين ئادەم بولۇش» دېگەن ئىدى.

مەيلى دۇنيادىكى قايسىبىر ئالىم، يازغۇچى، شائىر، پەيلاسوپ بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئورتاق پۇچۇلىنىدىغان تېمىسى شۇكى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ــ ئادىمىلىك ھەققىدە باش قاتۇرۇشىدۇ. ئادىمىلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەر تۆكۈشىدۇ... ئۇلار ئىپادىلەۋاتقان ئادىمىلىك ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشى ماھىيەتتە يەر شارى ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلغىنىغا باراۋەر ئىدى!... ئەدىبلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تەقدىرى ئۈستىدە ئىدراك-تەلقىن قىلىشى ــ ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىنساننى، تەبىئەتنى چوڭقۇر سۆيگەنلىكىنىڭ بېشارىتى. مەشھۇر ئەللامە جالالىددىن رۇمى: «ئىدراك قىلىشنى بىلگىنى ئۈچۈن، ئاسماننىڭ، يەرنىڭ ھەممىسى سۆزدۇر» دېگىنى ــ دەل ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقان ئايتماتوفتەك ئىنسان سۆيەرلەرگە تولىمۇ ماس كەلسە كېرەك.

بۇ ھەقتە داڭدار پەيلاسوپ نېچشىنىڭ «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن بىر مەسىلىنى قىسقىلا ئەسكەرتىشنى لايىق كۆردۈم.

*«زورو ئاستىر... ئاجايىپ تاڭ سەھىرىنى قارشى ئېلىپ، قۇياشقا مۇنداق دېگەن: ‹سەن ئۇلۇغ ئاسمان جىسمى، ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ سېخىي نۇرۇڭنى چېچىپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن مەھرۇم بولساڭ، بەختىڭ قەيەردە بولىدۇ؟›*

*زورو ئاستىر كىشىلەرنى ئويغىتىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن تاغدىن چۈشۈپ ئورمانلىققا كىرگەن چاغدا بىر بوۋايغا ئۇچراپ قالغان، بوۋاي توختاپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ‹ھەي، سەرسان بولۇپ يۈرگۈچى ماڭا ناتونۇش ئەمەس، نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىسمى زوروئاستىر، لېكىن ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا سەن كۈلنى ئېلىپ پاناھلىنىش ئۈچۈن تاغدىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەنىدىڭ؛ ھازىر سەن ئۆزۈڭنىڭ ئوتىنى ئېلىپ جىلغا ئىچىگە بارماقچىمۇ؟ سەن ئوت قويغۇچى دېگەن جىنايى جازاغا ھۆكۈم قىلىنىشتىن قورقمامسەن؟›*

*زورو ئاستىر ئۇنىڭغا جاۋابەن ‹مەن ئىنسانلارنى ياخشى سۆيىمەن› دېگەن.»*

ئايتماتوفتىكى يۈكسەك ئەقىدە دەل ئىنساننى ئىنسانغا تونۇتۇش جەۋھەرلىرىدىكى جەۋھەر ــ ئىنساننى سۆيۈشتە ئايان بولغان ئىدى!...

21-ئەسىر داۋام قىلماقتا. ئايتماتوف بۇ ئەسىرنى يىغلاتقىنىچە بىزدىن ئايرىلدى!... شۇ تاپتا، ئايتماتوفقا قايغۇرۇپ چايقالغان ئىسسىق كۆل، بايقال، بۇغدا كۆللىرى، ئېرتىش، تارىم، دوناي دەريالىرى بۇ پەخىرلىك ئوغلانىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ياد ئەتمەكتە!...

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدا

# ئۇسسۇل تەرەققىياتىنىڭ ئارتىسلارغا بولغان تەلىپى

شەھىدە رىشات



ئۇسسۇل ــ ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى تىپىك ۋەقەلەرنى ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەدەبىيات، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق، كىنو، تىياتىرچىلىقتىن ئىبارەت سەككىز چوڭ سەنئەت تۈرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇسسۇل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن سەنئەت تۈرى بولۇپ، تىل شەكىللىنىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلار قول ـ پۇت ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز ئارا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئالاقە باغلاپ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ كەلگەن. كېيىن تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاندىن ئاھاڭ، رىتىمنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ ناخشا ـ مۇزىكا پەيدا بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇسسۇل بارلىق سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، باشقا سەنئەت تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە سەنئەت تۈرى. بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق، مۇكەممەل ئوبراز يارىتىپ، ئادەمنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىرگە ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەش ــ ئۇسسۇلنىڭ باشقا سەنئەت تۈرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر يېڭىچە تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىمۇ يېڭىلىق يارىتىش روھى ئەۋج ئالماقتا. جۈملىدىن ئۇسسۇل كەسپىدىمۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، يېڭىچە ئۇسلۇب يارىتىش دەۋرنىڭ يېڭى تەلىپى بولۇپ قالدى.

ئۇسسۇل كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ۋە ئارتىسلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇسسۇل كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۇسسۇل كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا تۆۋەندىكىدەك شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدا تەبىئىي تالانت ۋە كەسپىي ئىقتىدار بولۇش لازىم.

ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدىكى تۇغما تالانت ــ شۇ كىشىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە بولغان يۇكسەك قىزغىنلىقى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە زېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي كەسپىي ئۇسسۇل ئارتىسى بولۇپ چىقىش ـ چىقالماسلىقى، ئالدى بىلەن شۇ كىشىنىڭ تۇغما تالانتىدىن پايدىلىنىپ، جاپالىق ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش داۋامىدا تالانتىنى ئىشقا سېلىش پۇرسىتىنى ھازىرلاشقا باغلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدا جاپاغا چىداش روھى ۋە كەسپىنى سۆيۈش قىزغىنلىقى بولۇشى لازىم.

ئۇسسۇل ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل سەنئەت شەكلى بولۇش بىلەن بىرگە، كەڭ ئاممىغا ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدۇ. مۇتەپەككۇرلار: «بىر پىرسەنت تالانت 99 پىرسەنت تىرىشچانلىق» دېگەندەك، يۇكسەك سەنئەت تالانتىغا ئىگە بولۇشتا جاپاغا چىداپ تەربىيەلىنىشى ۋە ئۆگىنىشى لازىم. ئۇسسۇل كەسپىدە، يېڭى بىر ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تارتىپ سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشىغىچە بولغان جەريان ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشى ۋە ئۆزى ئورۇنلىماقچى بولغان ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئىچكى ـ تاشقى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەھەتتە كۆپ تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ. بۇ جەريان ئۇسسۇل ئارتىسلىرىدىن ساغلام بەدەن سۈپىتىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان كەسپىي روھنىڭ بولۇشىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان چىدامچانلىق روھنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەنئەت تەتقىقاتى

ئۈچىنچى، ئۇسسۇل ئارتىسلىرى مۇكەممەل مەدەنىيەت ساپاسى ۋە يېتەرلىك يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ــ ئۇسسۇل كەسپى ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈ - رۈشنى مەقسەت قىلىشلا بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئىلھامغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپ، ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت بىلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۈزلۈكسىز تەربىيەلىنىشى، زامانىۋى تەرەققىيات بىلەن ئۇسسۇل كەسپىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل كەسپىدە ئۆزگىچە يېتەرلىك يارىتىشى، يېڭىچە ئىجادىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنىش لازىم.

ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتى، سەھنە ئىجادىيىتى، چىراغ - نۇر تېخنىكىسى، كىيىم - كېچەك سەنئىتى قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇل كەسپى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئۆز كەسپىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئالاقىدار سەنئەت تۈرلىرىگە ئائىت بىلىملەردىنمۇ خەۋەردار بولالىسا، ئۆز كەسپىگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئوتلىرى بىلەن مۆجىزىلىك ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇسسۇل ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىچكى - تاشقى گۈزەللىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە مەنىۋى لەززەت بېغىشلاش جەھەتتە ئۆزگىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇسسۇل كەسپىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى قەلبى ئوتلۇق، كەسپنى سۆيگەن ئارتىسلارغا تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا ھەر بىر ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە ئارتىسى ئۇسسۇل كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشى ئۈچۈن توختىماي تىرىشىشى ۋە دەۋر روھىنى ئىپادىلەش جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشى لازىم.

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن

## ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «سەھرالىق ئانا» ناملىق پوۋېستى 18 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

18 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات ماكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى 2011 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى «كوئىنلۇن مېھمان سارىيى»دا ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلئۇالدى ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادىل خالىقجان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پارتگورۇپپا شۇجىسى خۇاڭ يۇڭجۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان، مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت ئاسىم، ئېركەش قورمانبېك، دوڭ لىبو ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىر، مۇھەررىر، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە مۇكاپاتلانغان ئاپتورلار بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

يىغىنغا ئازاد سۇلتان رىياسەتچىلىك قىلدى، ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئىسمائىل تىلئۇالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەبرىك خەتلىرى ۋە ھەر قايسى جايلاردىن ئەۋەتىلگەن تەبرىك خەت، تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

بۇ قېتىمقى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى، يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلىنىڭ «سەھرالىق ئانا» ناملىق پوۋېستى 18 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى ۋە 6000 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئۆز خەۋىرىمىز



# مەن سېنى ئاكام دەيتتىمغۇ...

(ھېكايە)

ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى

ئۇ ئىنتايىن شوخ ئىدى.

مەھەللىمىزدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇ بەكلا چىرايلىق ئىدى. يۈزلىرى سىركۆل قويۇپ سىزىلغان چەمبەردەك يۇپيۇمىلاق، كۆزلىرى بۇلاقتەك تىنىق، كىرپىكلىرى تال-تال تۆكۈلۈپ تۇرغان، نېپىز لەۋلىرى مەي باغلاپ پىشقان گىلاستەك قىپقىزىل ھەم سۇپسۇزۈك، چىڭ بوغۇلغان ياغلىقى ئاستىدىن ئارقىسىغا تاشلىۋالغان بىلەكتەك يوغان-يوغان، قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن. توغاچتەك قىزارغان ئىككى مەڭزىدىكى زىنىخى ئۇنى دائىملا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك كۆرسەتتى. كۈلسە سەل تاشقىرى چىقىپ ئۆسكەن ئىككى تال چىشى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس لاتاپەت ئاتا قىلغانىدى. سۆزلەۋاتقاندا لەۋلىرىنى پات-پات ھىمىرىپ قويىدىغان ئادىتى ئۇنى تېخىمۇ جازىبىدار ۋە ئوماق قىلىپ كۆرسەتتى. زىلۋا بويىدىن سۈلكەت يېغىپ تۇراتتى.

مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ-ئايلىنىپ نېرى كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك كېلىشكەن زىلۋا قامىتىگە، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان گۈزەل رۇخسارىغا، چىقىشقاق، ئوچۇق-يورۇق مىجەزىگە، خۇش-كەرەشمە خۇلقىغا بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە كۆيمەيدىغان، ئاشىق بولمايدىغان بىرمۇ يىگىت يوق دېسە ھەرگىز يالغان بولمايتتى. دېھقان ياشلار قىغ بېسىلغان ھارۋىلىرىنى ئاتايىن يول ئەگىتىپ ھەيدەپ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مەھەللە يولىغا كەلگەندە غەزەل توۋلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىتلەر ئۇنىڭ نەزىرىگە چېلىقىش مەقسىتىدە يوغان ئات-ئېشەك ھارۋىلىرىغا ئاسمان-پەلەك دۆۋىلەپ بېسىلغان بۇغداي ئەنجىلىرىنىڭ ئۈستىدە بېشى قايماي ئۆرە تۇرۇپ غەزەل توۋلاپ مېڭىپ ئۆزىنىڭ قورقۇمسىز-قاراملىقىنى، ئىشچانلىقىنى كۆز-كۆز قىلغۇسى كېلەتتى. گاھى ياشلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەستەن ھارۋىلىرىنىڭ يېلىنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن ناسۇس سورىماقچى بولاتتى. ئۇ بۇنداق چاغدا ئۆيىدە بار نەرسىسنى خەقتىن ئايىمايتتى. قەستەن ناسۇس سورىغان، ئۇسسىمىسىمۇ ئۇسسۇزلۇق سورىغان بالىلارغا ئۇندىمەي سورىغان نەرسىنى ئەپچىقىپ بېرەتتى. ياش بالىلار گەپكە سالسا ئۇ خاپا بولۇپ كەتمەي ئۇدۇل-ئۇدۇلدىن گەپ تېپىپ جاۋاب بېرىپ ھېچكىمگە بوزەك بولمايتتى. بەزىدە يامىنىغا كەلسە قۇلاققا سىڭىپ قالىدىغان يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆيىگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چوڭىغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە مۇئامىلە قىلىشلىرى مەھەللىدە ھەممە ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. چوڭلار بىلەن بىر ئىش قىلسا قولى مۇنەججىم مومايلاردەك ئەپلىك ئىدى. خۇددى كۆپنى كۆرگەن كىشىدەك توختىلىپ پاراڭ سالسا مومايلاردىن تارتىپ چوكانلارغىچە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا ئامراق بولۇپ قالاتتى. كىچىك بالىلار بىلەن ئويناپ كەتسە ئۆزىنى ئۇنتۇپ خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالاتتى. كىچىك-كىچىك قىزلار بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «تاش تەرمەك»، «ئالما توپ» ئويناپ گۆدەكلەرچە

ئەدەبىيات گۈلزارى

چۈرقىرىشاتتى. تەڭتۇشلىرىنى كۆرگەندە بولسا شوخ قىلىقلارنى قىلىپ ياش باللارنىڭ جىنىنى ئېلىپ ياندا قوياتتى.

مۇشۇ كەمگىچە ئۇ ھېچقانداق بىر ئوغۇل بالىنى كۆزىگە سىغدۇرۇپ مۇئامىلە قىلمىغان ئىدى. تۇزىگە بىر دەم ـ يېرىم دەم پاراڭلىشىپ تۇرغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچكىمنى يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى. ياش باللار ئۇنىڭغا چەكتىن ئاشقان چاقچاق قىلغۇدەك بولۇپ قالسا ئۇ دومسىيىپ «ئانامغا دەيمەن!» دەپ باللارنى قورقۇتۇپ قويۇپ ئاندىن شوخلۇق بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ قارشى تەرەپنى مەسخىرە قىلىپ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۆيىگە قاچاتتى. بۇنداق ئەھۋال تەكرارلانغانسېرى ياش باللار ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا خېلى تەپ تارتىدىغان، ئەدەپلىك بولۇشقا تىرىشىدىغان بوپ قېلىشقان ئىدى.

ئۇ ماڭا ئامراق ئىدى. مېنى كۆرگەندە ماڭا ناھايىتى يېقىن مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن مەن ئۇنى دەسلەپتە ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەن ئىدىم. مېنىڭ قارىشىمچە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ پوتلا ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلايدىغان بىر ئۇششۇق قىز ئىدى. ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ يىغلىشىدىن بىزار بولۇپ ئۇنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولۇپ سەسكىنىپ نېرى كېتەتتىم. قىز بالا دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، ۋاقتى ـ قەرەلى كەلگەندە بىر دىمقتا پىشىپ كەتكەن بۇغدايدەك نەچچە ئاينىڭ ئىچىدىلا چوڭ بولۇپ، رەڭ تۇزەپ كۆزگە يېقىن بولۇپ قالىدىكەن. مەھەللىدە كۈندە دېگۈدەك پۇتلىشىپ ـ يۈرۈشۈپ كۆزۈمگە سىغمايدىغان ئۇ قىز مانا ئەمدى بىركىم كوكۇلىسىدىن تارتقاندەك بوي تارتىپ بالاغەتكە يېتىپ، چىرايلىرى سۈزۈلۈپ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك، ياق! يۈرىكى كۆيگۈدەك بىر لەۋەن قىز بولۇپ چوڭايغانىدى.

ئۇ دائىم مېنى كۆرسە «ئاكا» دەپ چاقىراتتى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئاغزى يۇمشاق بولغاچقا مېنى ئاكام، ئايالىمنى ئاچام دەپ چاقىراتتى. ئايالىم ئىككىسى بۇرۇندىن ئاچام ئاداش، سىڭلىم ئاداش بولۇپ يۈرۈشكەن كۆڭلى يېقىنلار بولۇپ، مەن ئايالىم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلار دائىم بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ ـ مۇڭدىشىپ تۇراتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ ھامىمىسىنىڭ ناھىيە مەركىزىدىكى پېچىنە ـ پىرەنىك، تورت پىشۇرىدىغان دۇكىنىغا شاگىرت بولۇپ كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان بولۇپ ھەر قېتىم مەھەللىگە كەلگەندە ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە ئايالىمنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئۇ دەسلەپ ئۆيۈمگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۈلۈپ تاشلىغان ئىدىم، ئۇ ھەيران بولۇپ سورىغان ئىدى.

— ئاكا، نېمىگە كۈلىسەن ؟

— سەن كىچىك چېغىڭدا بەك ماڭقا ئىدىڭ ـ ھە ؟

— نېمە بوپتۇ ؟— دېگەندى ئۇ مېنى دوراۋاتقاندەك شوخ بىر قىلىقنى قىلىپ تۇرۇپ.

— دېمەكچى، ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلىساڭ كۆزۈمگە ناھايىتى سەت كۆرۈنەتتىڭ !

ئايالىم ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ماڭا ئەركىلىگەن ئىدى.

— ئالدىرىماي تۇر جۇمۇ. چوڭ بولسام كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان قىز بالا بولىمەن. ئاچامدىنمۇ چاندۇرامدىمەن تېخى سېنى...!

— ماڭقاڭنى بىر ئېرتە! — دېگەنىدىم مەن ئۇنىڭغا.

دېگەندەك يىللار ئۆتۈپ ئۇ چۈغلۇق گۈلدەك كۆز قاماشتۇرىدىغان لەۋەن قىزغا ئايلاندى. بۇرۇنقىدەك چوڭلاردىن ئاشقان كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمەستىن بويىغا لىق كەلگەن قىپقىزىل ئوتقاشتەك كىيىملەرنى كىيىپ يولنىڭ چېتى بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مېڭىپ ئۆتۈپ كەتسە مەھەللە ياشلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قارىشىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇ يەنە ئايالىمنى ئىزدەپ كەپتۇ. يېقىندىن بېرى مەھەللىدىكى ياش باللارنىڭ ئۇ توغرۇلۇق «ئاھ ـ ۋاھ» دەپ كېتىشلىرىنى كۆپ ئاڭلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئايالىم بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقاندىكى ھالىتىگە زەن سالدىم. ھەقىقەتەنمۇ كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ئوماق، لاتاپەتلىك قىز بولغىنىنى خۇددى بۈگۈن ھېس قىلغاندەك ئۇنىڭ يوپۇرماقتەك نازۇك، كېلىشكەن زىلۋا بويىدىن كۆز ئۈزەلمەي ئۇزاق قاراپ قاپتىمەن. ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا ماڭا يالتىدە قارىدى ـ دە، پىسسىڭىدە كۈلدى.

— ئاكا نېمە بولدى ؟

— ھېچنېمە .

— چىرايلىقلىقىمغا مەستلىكىڭ كېلىپ قاراۋاتقانسەن تايىنلىق؟ ئاشۇنداق كۆزۈڭنى ئۈزەلمەي قالسەن قانداق!؟

ئايالىمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قاتتىق تەمتىرەپ كەتتىم. ئۇ بولسا شوخلۇق قىلغىنىچە قاقاقلاپ بىر دەم كۈلگەندىن كېيىن ماڭا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— مەن نېمە دېگەن ساڭا ئۆتكەندە ؟

— نېمە دېگەن ؟

— مانا مۇشۇنداق مېنى كۆرگەندە ئۆزۈڭنىڭ دېگەن

گېپىڭنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدىغان چىرايلىق قىز بالا بولۇپ كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن دېمىدىمۇ ؟

ئايالىم ئىككىسى يەنە كۈلۈشتى. مەن دەماللىققا دەيدىغان گەپ تاپالماي قۇلاق-بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتسەم كېرەك، ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى.

— مانا، ھەممە يېرىڭگە ئوت كەتكىلى تۇردى. قارا ئاچا، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى...

— تولا كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرمىغىنە ماڭقا...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئىككىسى كۈلۈشكىنىچە قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك شوخ قىلىقلىرى، ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تەلمۈرتىدىغان گۈزەل لاتاپىتى تۇرۇپ-تۇرۇپ خىيالىمدىن كېچىدىغان بوپقالدى. يالغۇز ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىز ئۇنى ئويلاپ قالىمەن. ئادەم بار-يوق دېمەستىن قىلىدىغان قاتتىق چاقچاقلىرىغا، بەزىدە نېمىندۇر تالىشىپ مەن بىلەن ئوينىشىپ كېتىشلىرىگە مەستلىكىم كېلىپ ئۆزۈمگە-ئۆزۈم پىسسىڭىدە كۈلۈپ سالىمەن. بەزىدە ھەتتا ئۇ نەچچە كۈنگىچە ئايالىم بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن كەلمەي قالسا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغاندەك بولۇپ قالىمەن. ھويلىدا بىرەر ئىش قىلىۋاتقان بولساق ئۇ ئۈن-تىنسىز چىقارماي ئوغرىدەك جىمجىت كىرىپ كېلەتتى-دە، يېنىمىزغا كەلگەندىن كېيىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ تۇيۇقسىز چۆچۈتىۋېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇڭا خۇددى بىرى تۇيۇقسىز «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئادەمنى چۆچۈتىۋېتىدىغاندەك بىر سېزىمدە تۇرۇپلا بۇرۇلۇپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قالىدىغان بولدۇم.

گاھىدا ئۆز تۇيغۇمدىن ئۆزۈم خىجىل بولۇپ قالاتتىم. توي قىلغىنىمغا بىرەر يىلچە بولغان چوڭ يىگىت ئەمدى بولغاندا «خىيال كىرىپ» ئايالىمنىڭ ئالدىدا باشقا قىزلارنى خىيال قىلىپ بەتبەخت بولۇپ قالسام تازا ئەپلەشمىگەن بىر ئىش بولار ھەقچان...

ئۇ ھەر قېتىم مەھەللىگە كەلسە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئايالىم بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىشنى ئۇنۇتۇپ قويمىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەن سايىن ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ كۈنسايىن تولۇپ بېرىۋاتقىنىنى كۆرەتتىم. خۇلقى-مىجەزىمۇ بارا-بارا ئۆزگىرىپ ھەم شوخ، ھەم مۇلايىم، ھەم ئاق كۆڭۈل بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كەلسە قۇرۇق كەلمەيتتى. سولياۋ خالتىغا لىق قاچىلانغان پېچىنە-پىرەنىكلەرنى ئالغاچ كېلىپ ئايالىمغا بېرەتتى. ئايالىم بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ دۇكاندا بولغان قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. پىرەنىكلەرنى قانداق تەييارلاشنىڭ ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. قارىغاندا ئۇ ھۈنەرگە خېلى قولى كېلىپ قالغان چېغى، ئايالىم سورىغان نەرسىلەرنى ئانچە كۆپ ئويلىنىپ كەتمەي چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. مېنى كۆرسە ئوينىشىپ-چاقچاقلىشاتتى. ئالغاچ كەلگەن نەرسىلىرىنى ماڭىمۇ كۆرسىتىپ قانداقراق بولغىنىنى سورايتتى.

بىر كۈنى دۇلامغا كەتمىنىمنى سالغىنىمچە سىرتتىن كىرسەم ئۇ مېنىڭ ئالدىمىدىلا كىرىپ تۇرغان چېغى، قولىدىكى لىققىدە تاتلىق-تۈرۈم قاچىلانغان خالتىنى ئايالىمغا ئۇزاتقاچ:

— ئاچا بۇنى ئۆزۈم مۇستەقىل تەييارلىغان، چىرايلىق بوپتىمۇ؟ بۇنى ئۆزۈڭ ساقلاپ يېگىن،—دەۋاتاتتى. دولامدىكى كەتمەننى بىر چەتكە قويغاچ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم.

— مەنمۇ يەيمەن جۇمۇ، ئاچاڭ ئېلىۋالسا ماڭا بەرمەيدۇ.

ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ سالام قىلغاچ ئېغىز ئاچتى.

— بۇنى سەن يېسەڭ بولمايدۇ.

— نېمىشقا ؟

— بۇنىڭغا ئىسسىقۇ ئوقۇتۇپ قويغان، يېسە ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ، خا خا خا !..

— ماڭە نېرى... سەندەك ماڭقىنىڭ ئىسسىقۇسىنى ئىسسىدىغان ئادەم كۆرۈپ قالدىڭما مېنى؟

بىز بىر دەم چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدىلا ناھىيەدىن كەلگىنىنى، ئۆتەر يولدا توختاپ كۆرۈشكىلى كىرگىنىنى ئېيتىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئايالىم ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىككىچە چىقتى. بۇندىن بۇرۇن مەن ئۇ ئۇزاپ چىقسا ئۆز ئىشىم بىلەن بەند بولاتتىم. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۆزۈممۇ سەزمەي ئۇلارغا ئەگىشىپ تالاغا چىقتىم. ئايالىمنىڭ:

— كېتەمسەن؟—دېگىنىگە جاۋابەن ئۇ باش لىڭشىتىپ ئارقىغا قاراۋېتىپ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. «ئاھ، نېمىدېگەن خۇمارلىق، ئوتلۇق كۆزلەر...» ئۆزۈممۇ بىلمەي ئىچىمدە شۇنى خىيال قىلىپ ئۆلگۈرۈپتىمەن، ئاڭغىچە ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىنىڭ زىل تارىسىدەك نازۇك ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى.

— بۈگۈن بېشىڭدىن ياغاچ ئوشتۇپ قويايمۇ ئاكا ؟

— نى... نېمىشقا ؟

— مېنى ئۇزىتىپ چىققىنىڭغا دەيمەن.

— سېنى؟ —دېدىم پەرۋاسىز قىياپەتتە، —ئۇششاق باللارنى ئۇزىتىپ جان توشامدۇ!؟

ئايالىم ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئايالىممۇ بىزنىڭ تاققا- تۇققا چاقچاقلىرىمىزغا كۆنۈك.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۆيدە بىر ئىشلارنى قىلىشۋېتىپ يەنە ئۇنى ئويلاپ قالدىم. ئويلىماي دەيمەن، لېپپىدە خىيالىمدىن كەچكىنى كەچكەن. ئويلىسامىلا بىر تەنتەك ھېسسىيات كاللامدا ئەكس ئېتىپ قالىدۇ. شۇنچە شېرىن، شۇنچە يېقىملىق بىر ھېسسىيات. ئايالىمنىڭ ئالدىدا قانداقتۇر ئۆزۈمنى قورۇنغاندەك ھېس قىلدۇرىدىغان پىنھان بىر ھېسسىيات...

كەچكە يېقىن بىر ئىش بىلەن ئېتىز قىرىدا كېتىۋاتسام يولدا قىپقىزىل شايى كۆڭلەكلىكى شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان بىر قىزنى مىندۈرۈپ كېتىۋاتقان موتوسىكلىتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. شايى كۆڭلەكلىك قىز دەل ئۇ ئىدى. ئۇ ناھىيەگە قايتقان بولسا كېرەك، يىراقتىن مېنى كۆرۈپلا قولىنى پۇلاڭلاتتى. مەن جاۋابەن باش لىڭشىتىپ قويدۇم. ئەمما ئىچىمدە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن بىر تۈرلۈك قىزغىنىش ھېسسىياتى باش كۆتۈرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنى موتوسىكلىتكە مىندۈرۈۋالغان بالا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ موتوسىكلىتىگە مىنگىنىنى باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا قويۇن چىقىرىپ كىتىۋاتاتتى.

مېنىڭ كۆڭلۈمكى قوزغالغىنىدىن چىرايىم تاتىرىپ، ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خەقنىڭ ئارقىسىغا ئۆچقىشىۋالغىنىغا نارازى بولۇپ بۇندىن كېيىن ئۇنى كۆرسەم چىراي ئاچماسلىق قارارىغىمۇ كېلىپ قالدىم. تۇرۇپلا يەنە ئويلاپ قالدىم. ئۇ يا مېنىڭ خوتۇنۇممىدى؟ نېمىگە بۇنداق كۆنداشلىقىم قوزغىلىدۇ؟ نېمە بولسا بولمامدۇ؟ مېنىڭ دېگەن ئۆيدە ئايالىم تۇرسا... ئويلايمەن- يۇ، يەنە زاماتتا ئىچىم تۇز قويغاندەك ئېچىشىپ يىراقتا توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان موتوسىكلىتنىڭ ئارقىسىدىن ئەلەملىك قاراپ قويىمەن. رەشك ئوتى قەيەرلىرىمنىدۇر قورت غاجىلىغاندەك غاجىلاپ بىئارام قىلاتتى. ئۆزۈمنىڭ بۇ خىل بولار- بولماس كەيپىياتىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم.

بىر كۈنى ئىشەك ھارۋامنى ھەيدەپ يولدا كېتىۋاتسام ئۇنىڭ ئانىسى ئۇچراپ قېلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپلا كەتتى.

— ۋاي ئوبدان بالام، ئەجەب بەلەن بىر ئۇچراپ قالدىڭ. ئاۋۇ ئوكاڭ (ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئۇنى ئوكاڭ دەپ ئاتايتتى.) پات- پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ياخشى دەپ بىر تېلېفون ئەكېلىپ بەرگەن. بۇ بىرنېمىنىڭ ئاۋازى بوش چىقىدىغان بوپ قالدى. سەن بۇنىڭ خويىنى ياخشى بىلىسەن. بىر كۆرۈپ باققىنا بالام.

مەن ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزاتقان يانفوننى قولۇمغا ئېلىپ ئاچتىم. ئېكرانىغا ئۇ ئۆزىنىڭ تازا ئوماق چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى توغرىلاپ قويغانىكەن. سۈرەتكە قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئانىسى بىر ئاز كۈتۈپ ئاندىن سورىدى.

— قەيەردە چاتاق باركەن بالام ؟

— تەكشۈرۈۋاتىمەن ئاچا.

مەن يالغاندىن تەكشۈرگەن بولۇپ ئۇ ياق- بۇ ياق قاراپ قويغان بولدۇم.ئاندىن ئاۋاز ئۇنۇمىنى تەكشۈرسەم ئاۋاز دەرىجىسى بەكلا تۆۋەن توغرىلىنىپ قاپتۇ. ئازىراق كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتىم.

— بولدى ئاچا، تېلېفون ئۇرۇپ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سىناپ باقاملا ؟

— مەن ئۇرۇشنى بىلمەيمەن بالام، ئۇ ئۆزى ئۇراتتى.

— نومۇرى بولسا مەن ئۇرۇپ بېرەي،— دېدىم ھەييارلىق بىلەن قاراپ. ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

— نومۇرنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن بالام. خىيالىغا كەلگەندە ئۆزى ئۇرىدۇ. ئۇگىتىپ قويغىنى بويىچە كۆك چېكىتنى باسسام ئۇلىنىدۇ.

— قاچانراق سۆزلەشكەنتىلە؟—ئۆزۈممۇ بىلمەي ئىچكىرىلەپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق زىغىرلاپ كەتكىنىمنى خۇدادىن بۆلەك كىم بىلسۇن...!

— تېخى چۈشتىن بۇرۇن سۆزلەشكەن.

— ھە !

مەن ھاياجانلىنىپ كۇنۇپكىلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. ئېكراندا قوبۇللانغان بىرلا نومۇردىن بۆلەك باشقا نومۇر يوق ئىدى. نومۇرنى ئېسىمدە تۇتقاچ يوللاش كۇنۇپكىسىنى باستىم. قۇلىقىمغا تۇتۇپ بىر ئاز تۇرسام تېلېفون ئۇلىنىپ تونۇش نازۇك ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ۋەي ئانا، تېلېفوننى ئۇرۇشنى ئۆگەندىڭما ؟

مەن گەپ قىلماي يانفوننى ئۇنىڭ ئانىسىغا تەڭلىدىم.

— ئۇلاندى، ۋەي دېسىلە.

ئۇ قىزى بىلەن سۆزلىشىپ قالدى. مەن ھارۋامنى ھەيدەپ يولغا راۋان بولدۇم. كۆڭلۈم ناھايىتى بەك خۇشال، ئۇنىڭ تېلېفونى باركەندە! ئەجەب بىلمەي يۈرۈپتىمەن...

تۇرۇپلا يەنە كۆڭلۈم غەش بوپ قالدى. ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇۋاتىمەن- ھە ؟

لېكىن مەندە بۇ نومۇرغا بىر تېلېفون ئۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى كۈچىيىپ تىڭشىغۇچ بىلەن مۇزىكا تىڭشاۋاتقان يانفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ، بايام ئەستە ساقلىۋالغان نومۇرلارنى بىر- بىرلەپ بېسىشقا باشلىدىم.

ئېشىكىم بىر خىل يۇرۇشتە كېتىۋاتقان بولغاچقا مەيلىگە قويۇۋەتتىم. يانفونۇمدىن بايىقى يېقىملىق نازۇك ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— ۋەي.

— ياخشىمۇ سەن ؟

— ياخشى، كىمۇ ؟

— تونۇيالمايۋاتامسەن ؟

— ھە ئاكا، بۇ سەنمىدىڭ ؟ نومۇرۇمنى قانداق بىلدىڭ ؟ ئاچام ياخشى تۇرغاندۇ ؟

بىز بىر قاتار ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مەن ئۆزۈممۇ بىلمەي ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ سالدىم.

— قايسى كۈنى ئەجەب خەقنىڭ كەينىگە مىنىپ كېتىۋاتىسىنا ؟

— قانداق ؟— ئۇ قولاقلىرىمنى چۈچۈلدىتىدىغان ئاۋازدا جاراڭلىق كۈلدى، — پىرەنكىنى يېگەن ئوخشىمامسەن ؟

— بارە نېرى، پىرەنكىڭنى كىم كۆرۈپتۇ، گەپ قىلە؟

— بېكەتكە ئالغاچ كېتەي دېگەنتى، ماڭغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ.

— ماڭا دېسەڭ بولمامدۇ ؟ مەنمۇ ئاپىرىپ قوياتتىم.

— سېنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى شۇ.

— بۇندىن كېيىن ئىشىڭ بولسا ماڭا تېلېفون قىل، مۇشۇ مېنىڭ نومۇرۇم.

— ماقۇل.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭغا پات-پات تېلېفون قىلىدىغان بولدۇم. تېلېفوندا مۇنداقلا ئەھۋال سورىشىمىز. ئۇنىڭغا قانداقتۇر ئۆزۈمنى يېقىن ھېس قىلدۇرغۇم كېلەتتى. سۆز-پاراڭلىرىمدىن ئۇنىڭغا بولغان ئالاھىدە يېقىنچىلىقىمنى سەزدۇرۇشكە تىرىشاتتىم. ئۇ بولسا خىيالىغا ھېچنەرسە كىرىپ-چىقمىغاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن مېنىڭ تېگى بار گەپ-سۆزلىرىمنى ياندا پ ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىدە قىلغان چاقچاقلىرىمغا ئۇ تاتلىق ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى مەن ئۇنى تېخىمۇ سېغىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. گاھىدا ئۆزۈمدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئۆزۈمنى ئەيىبلىمەكچى بولاتتىم-يۇ، يەنە ئۆزۈمنى ئەيىبلىيەلمەي قايتا بۇرۇنقى ئوي-خىيالىمغا بېرىلەتتىم. ھېچ ئىش بولمايدۇ. بۇ بىر ئۆتكۈنچى ھادىسە، شۇنداقلا بىر ئامراقلىق. نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ خىل كەيپىياتىم ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇنچىلىك ئۆزگىرىش بولغانىنىڭ نېمە يامىنى بار، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم گول قىلماقچى بولاتتىم. لېكىن يانفونۇمنى قولۇمغا ئالسىلا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ

نومۇرى بارماقلىرىم ئاستىدا پەيدا بولاتتى. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ سېلىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم. تېلېفون قىلسام ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. تېلېفوننى ئېلىپلا:

— ئاكا، ئاچام تىنچلىقمۇ ؟— دەپ سورايتتى. مەن:

— ئاچاڭ تىنچلىق، مەنمۇ تىنچلىق، — دېسەم ئۇ بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق ئاۋازدا پىخىلداپ كۈلەتتى.

— مەن تېخى سېنى سورىمىدىم. سەن ئاكامنى ئايرىم سورىمىسام بولامدۇ ؟ —دەپ ئىچىمگە ئوتنى سېلىۋېتەتتى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ تۇردى. بىر كۈنى ئۇ ئايالىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە كەيپىياتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدىم.ئايالىمغا بىر نەرسىدىن ھاللانغان چېغى، يىغلاپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قاپاقلىرى ئىششىپ قاپتۇ. ئاشۇ ھالىتىمۇ ئۇنىڭغا بىرخىل گۈزەللىك، لاتاپەت بېغىشلىغانىدى. بۇرۇنقىدەك شوخ ئەمەس، ئېغىر-بېسىق بولۇپ پاراڭ سالغىنىدىن ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ سەل ھەيران بولدۇم. ئەنسىرەپمۇ قالدىم. ئايالىم بار يەردە ئارتۇق-تۆشۈك گەپ-سۆز قىلغىلى بولماي، ئۇ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشىگە خالىي جاينى تېپىپ دەرھال تېلېفون قىلسام. تېلېفوننى تېزلا ئالدى.

— ئاكا، گېپىڭ چالا قاپتىمۇ ؟

— ھەئە، نېمە بولدۇڭ ؟

— ھېچنېمە بولمىدىمغۇ ؟

مەن ئۇنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازىدىنمۇ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقىنى سېزىپ. مۇلايىم ئاھاڭدا:

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ-يا؟ گەپ قىلە، — دېدىم ئاۋازىمنى يۇمشىتىپ. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىشقا بۇنچىلىق مۇلايىم بولۇپ قېلىۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن.

ـ ئاكا، چوڭ يولدا بەزى گەپلەرنى ساڭا دېيەلمەيمەن. ئاچامدىن سورا، ئاچام ساڭا دەپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ. «ئاچىسىدىن سورىغىلى بولامتىكى؟» مەن بىرنېمە دېگۈچە ئۇ خوشلىشىپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى.

كەچتە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ئايالىم ئۆزىچە ئۇ توغرۇلۇق پاراڭ سېلىپ قالدى.

— ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ناھىيەدىكى ھاممىسىنىڭ بىر قاساپ ئىنىسى بارمىشكەن، ھەممە تۇغقانلىرى ئۇنى شۇنىڭغا ياتلىق بولۇشقا زورلاۋېتىپتۇدەك. لېكىن ئۇنىڭ ئۇ كىشىگە پەقەت ياتلىق بولغۇسى يوقكەن. چۈنكى ئۇ كىشى بۇرۇن ئۈچ خوتۇن ئالغان، يېشىمۇ ئۇنىڭدىن ئون نەچچە ياش چوڭ

كېلىدىغان، يەنە ئىككى بالىسى بار ئادەمكەن. يۇرتقا كەلسەم ئاداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ئېيىقتەك يوغان، كېلەڭسىز ئادەمنى بۇ مېنىڭ ئېرىم، دەپ قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ بالىلىرىنى بالام دەيمەنمۇ ياكى ئاكام دەيمەنمۇ ؟ ئون گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىز بالا تۇرسام، دوست ـ ئاداشلىرىمغا ئوخشاش مەنمۇ ئۆز تېگىمگە ياتلىق بولۇپ يۇرت ـ مەھەللىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم بولمامدۇ ؟ بۇ ماڭا نە تارتقۇلۇق؟ ئاناممۇ مېنى شۇ كىشىگە زورلاپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ئانامنىڭ تىنغىدەك يالغۇز، تۇللۇقىغا قارىمىسام بۇنداق ھاياتتىن كەچكەن بولاتتىم... دەپ يىغلاپ ئېقىپ كېتىپ بارىدۇ. تۇغقانلارنىڭ بېرىش ـ كېلىشنى چەكتىمىز دەپ ئانىسى ئۇنى شۇ كىشىگە زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ ئەمدى ھامامنىڭ يېنىغا ھۈنەر ئۆگەنگىلى بارمايمەن، ئۇ خەقنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، دەپ ھۈنەر ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ دۇكاندىن يېنىپ كەپتۇ...

ئايالىمنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. تاماقنى يەپ بولۇپ بىر چەتكە قىڭغايدىم. خىياللىرىم قالايمىقان. كۆزۈمگە توپتەك سەمرىگەن بادالىڭ قورساق، كېلەڭسىز بوي، ئوتتۇرا ياش قاسساپ كىشى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان ئۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئىچىم قايناپ ھەسەت ئوتلىرى قېنىمنى قاينىتىشقا باشلىدى. تۇرۇپلا تېلېۋىزوردىكى قايسىبىر كىنوغا قاراپ قازان ـ قومۇشلىرىنى يۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئايالىمغا قارىسام ئۆز خىيالىمدىن ئۆزۈم خىجىل بولىمەن. ئەمما بۇ خىجىللىق ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ ئورنىنى دەررۇ قىزغىنىش ھېسسىياتى ئىگىلەيدۇ.

تېلېفونۇمنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللىدىم.

— «نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟»

تېزلا ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلدى.

— «تاماق يەۋاتىمىز.»

— «ئىككىمىز قاچان كۆرۈشىمىز ؟»

— «چۈشتە كۆرۈشتۇققۇ ؟»

— «ئۇ ھېساب ئەمەس.»

— «ئاچام نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ.»

— «تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ. ساڭا بىر گەپنى دەيمۇ؟»

— «دە.»

— «سېنى بەك سېغىندىم!»

— «مەنمۇ ئاچامنى بەك سېغىندىم.»

— «مېنىچۇ؟»

يانفونۇم ئۇزاق جىمىپ كېتىپ ئاندىن يەنە تىترىگىشدى.

— «ئاكام بولغاندىن كېيىن سېنىمۇ سېغىندىم.»

ئۇ دائىم ئاشۇنداق. ئۇستىلىق بىلەن سۆز قاچۇرۇپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ مەقسەتسىزلا يەنە مۇنداق مەزمۇندا ئۇچۇر يوللىدىم.

— «بارسام ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىغا چىقالامسەن ؟»

يوللاش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بولۇپ نېمىشقىدۇر تېنىم شۈركۈنۈپ يېنىك تىترەپ كەتتىم. خۇددى ئايالىم بۇ ئۇچۇر مەزمۇننى كۆرۈپ قالىدىغاندەك يانفونۇمنى تېز ياپتىم. ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلەلمەي لەسسىدە بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭدىن جاۋاپ كەلدى.

— «قاراڭغۇدا نېمە بار تالادا ؟»

— «مەن بار، مۇڭدىشىمىز.»

— «ئەمىسە ئاچامنى ئېلىپ كەل.»

كاللام ئايلىنىپ خېلىغىچە دېلىغۇل بولدۇم. نېمە قىلارىمنى بىلمەك تۈگۈل، قىلىۋاتقىنىمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنىمۇ ئىلغا قىلالمايۋاتاتتىم. بىر خىيالىم «ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سىرتقا چاقىرىپ مۇڭدىشىپ كەل. خاپىغان روھىغا تەسەللى بېرىپ باغرىڭغا باس، قوللىرىنى تۇتۇپ چاچلىرىنى سىلا، مەڭزىگە سۆيۈپ قوي، خۇشبۇي ھىدىنى ھىدلا » دەپ روھىمنى قوزغاتسا، يەنە بىر خىيالىم «ساراڭمۇ سەن، ئۇ دېگەن سېنىڭ ئايالىڭنىڭ يېقىن كىشىسى. يېنىڭدا بىر ياخشى ئايالىڭ تۇرسا نېمە دەپ بولمىغۇر خىياللاردا بولىسەن؟ ئادەم ئەمەس نېمىكەنسەن! ئېسىڭنى يىغ ...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. قانچە قىلسامۇ كاللامنى قايدۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايۋاتاتتىم.

بىر چاغدا ئۆزۈممۇ بىلمەي ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتىم. ئايالىمغا گەپمۇ قىلماستىن چاپاننى يېپىنچاقلاپ تالاغا ماڭدىم. ئايالىم ماڭا قاراشقا ھەپىسلىسى يوق، تېلېۋىزور بىلەن تەڭ يىغلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

تالا گوگۇم قاراڭغۇسىدا ئاندا ـ ساندا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى بىلەن پاقىلارنىڭ كۇركىراشقان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمجىت. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭ ئۆيى بار تەرەپكە كېتىۋاتىمەن. تۇرۇپلا روھىم چۈشكەندەك بولۇپ نېمىشقىدۇر خىيال قىلىپ توختاپ قالىمەن. نېمىنى خىيال قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ روھىمنى قىينىغان بىر دېلىغۇللۇق. تۇرۇپلا يەنە روھلانغاندەك بولۇپ يۈرۈپ كېتىمەن. نېمىنىڭ روھلاندۇرغىنىنى ھەم بىلەلمەيمەن، پەقەت پىنھان بىر ئارزۇ ـ ھاياجان ئىختىيارىمنى ئۆزىگە

بويسۇندۇرۇپ ئالغاندەك. كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن...
تونۇش دەرۋازا، تونۇش قارىياغاچ قاراڭغۇدا سۈكۈتتە تۇرغاندەك قەد كۆتۈرۈپ كۆرۈندى كۆزۈمگە. قارىياغاچ ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز يوغان ئىدى. ئۇنىڭ دالدىسىغا ئۆتتۈم. ئاندىن نامازشام ئوغرىسىدەك ئەتراپىمغا بىر قۇر قارىۋېتىپ يانفونۇمنى قولغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يازدىم.

— «چاققان تالاغا چىقە.»

بىرەر مىنۇت ئۆتمەستە بىرى يېنىك شىپىلداپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— ئاكا ؟

مەن قارىياغاچنىڭ ئارقىسىدىن لىككىدە چىقتىم.

— مانا مەن.

— ئاچامچۇ ؟

— ئا...ئاچاڭ...ئۇ...

— مەن بايام ساڭا نېمە دېگەن ؟

مەن گەپ ـ سۆز قىلالمىدىم. ئاندىن ئاستاغىنە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلدىم. ئۇ ئۆيئىچىلىك ئاددىيغىنە كىيىمى بىلەن شۇنچە ئوماق، جازىبىدار بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆرۈۋالغان چېچىنى چۇۋۇپ سالغانىكەن، ئارقىسىدا دولقۇنلانغان چاچلىرى تېقىمىغا چۈشۈپ يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭدىن تارالغان مەستخۇش قىز ھىدى يۈرىكىمنى سوقۇشتىن توختىتىپ قويغاندەكلا بولدى. قاياقتىن كەلگىنى بەلگىسىز بىر غايىب كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇنىڭ ئاق پاختىدەك يۇمشاق، نازۇك ـ يۇمران قولىنى ئاستاغىنە تۇتتۇم.

— ئاكا ئۆيگە كىرە.

ئۇ ئېسىلغان قولۇمنى مەندىن بۇرۇن چىڭ تۇتۇپ مېنى دەرۋازا تەرەپكە سۆرىدى. مەن سەل چۆچۈپ توختىۋالدىم.

— بولدى كىرمەي، مۇشۇ يەردىلا مۇڭدىشىمىز.

— ۋىيەي، يۈرە ئاكا، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ كىرمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بولمىسا مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندا تالادىن يانىمەن جۇمۇ !

نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئوڭايسىز ئەھۋالدا تۇرۇپ قالدىم. بىر مۇنچە شېرىن خىياللىرىم، پىلانلىرىم توختام سۇدەك ئېقىپ قالغاندى. ئۆزۈمنى دادىلراق تۇتۇشقا تىرىشتىم. قولۇم ئۇنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلغان، ئۇنىڭ قولىمۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتقان پېتى مەن تەرەجەپ تۇرىمەن، ئۇ ئۆيگە تارتىدۇ. ئىككىمىز ئوڭسىز تىركەشمەكتىمىز.

ئەمدىلا غەيرەتكە كېلىپ يەنە بىر قولۇمنى سوزۇشۇمغا ئۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

— ئانا، ئاكام كەلدى، تېز ئۆيگە كۆرپە سالە.

يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ چۆچۈپ كەتتىم. جىددىيلەشكىنىمدىن بايىقى دادىللىقىم، جۈرئىتىم نەگىدۇر غايىب بولۇپ قولۇمنى ئۇنىڭ قولىدىن ئىتتىك تارتىۋالدىم. ئەمما ئۇ پەرۋايىدا يوق قولۇمغا قايتا ئېسىلىۋالدى.

— ماڭە ئاكا، ئانام كىرمىگىنىڭنى كۆرسە خاپا بولىدۇ.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ جىددىيلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم بوشىشىپ ئەركىمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بوسۇغىغا پۇت ئالدىم. قولۇم تېخىچە ئۇنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىدا ئىدى. ئۇ مېنى خۇددى كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ ھويلا تامان سۆرەپ دېگۈدەك ئەكىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئاڭغىچە ئالدىمىزغا ئۇنىڭ ئانىسى خۇش چىراي كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قولۇمنى ئۇنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىدىن تارتىۋالدىم.

— كېلە بالام، ئۆيدىكىلىرىڭ تىچلىقمۇ ؟

— تىچلىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ قولاشمىغان ھالدا سالام بېرىپ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا قولۇمغا قايتا ئېسىلىپ مېنى يەنە شۇ پېتى يېتىلەپ دېگۈدەك ئىچكەركى ئۆيگە باشلىدى. سۇپىغا ئاللىقاچان يېپيېڭى بىر كۆرپە سېلىپ قويۇلغان ئىكەن. مەن سۇپىغا يېقىن كېلىپ كۆرپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۇ ئاندىن قولۇمنى قويۇۋەتتى.

— ئولتۇرە ئاكا، ئانا، ئاكامنى مەن چاقىرغان. ئۇ توكنىڭ ئۆچۈرگۈچىنى ئوڭشاپ بەرمەكچىدى، — دېدى ئۇ.

— ۋاي ئالتۇن بالام، ئەجەب ياخشى كەپسەن. قارىماسمەن، ئۇكاڭ كىچىك بالىدەك ئويناپ يۈرۈپ توكنىڭ ئۆچۈرگۈچىنى بۇزۇپ قويۇپ قاراڭغۇدا ئولتۇرىمىز. قاچانمۇ چوڭ بولاركىن بۇ ئۇكاڭ...

ئەمدى ئېسىمنى يىغسام ئۆي ئىچى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرۇپتۇ. مەن ئاستاغىنە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھەييار كۈلۈمسىرەپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئىچىمگە يەنە بىر ئوتنى سېلىپ قويدى.

— بالام، ئاكاڭنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرىڭ بار ئادەم بايام نېمىشقا دېمەيسەن؟ ئاكاڭغا تاماق ساقلاپ قويمايتتۇقمۇ؟

— ئاكام «مەن كەچلىك تاماق يەپ بولۇپ ئاندىن بېرىپ ئوڭشاپ بېرەي، ماڭا تاماق ساقلىماڭلار» دېگەن. ھە ئاكا ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ پىخىلداپ كۈلگەنچە؛ ئۇنىڭ كۈلكىسى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئوسال بولغان ھالدا

يەرگە قارىدىم.

ــ ھە، ــ دېدى ئانىسى. ــ ئەمسە بوپتۇ.

مەن ئەمدى پۇتۇمغا ئورۇندۇق قويۇپ توك ئۆچۈرگۈچنى ئۇچىشاشقا باشلىدىم. ئۇ ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھە دېسە بىر نەرسىلەرنى سورىغانچە ماڭا ياردەملىشەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ «ھاي ئۇنداق قىلما، ئاكاڭنى يىقىتىۋېتىسەن ھېلى» دېيىشلىرىگە پەرۋا قىلماي ئايىغىم ئاستىدىكى ھەممە يېرى لىڭشىپ بوشاپ قالغان ئەبجەق ئورۇندۇقنى قەستەن مىدىرلىتىپ مېنى دەلدۈگۈتۈپ قورقۇتاتتى. ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئۆزى خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆگزىنى ئېچىۋېتەتتى، مەن ئۆچۈرگۈچنىڭ ئۈزۈلگەن يىپىنى ئۇلاپ قويدۇم. يىپنى تارتىشىم بىلەن ئۆي ئىچى ئاپپاق يورۇپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدا ئورۇندۇقنى قويۇۋېتىپ كىچىك بالىدەك سەكرەپ چاۋاك چالغانچە ئىسقىرتتى. ئايىغىم ئاستىدىكى ئورۇندۇق ئەگىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس ـ ماس قالدىم. ئۇ مېنى يۆلىۋېلىپ يەنە كۈلەتتى. ئۇنىڭ قىلىقىغا قاراپ ئانىسىمۇ كۈلەتتى.

ــ بولدى قىل، چوپچوڭلا بولۇپ قالدىڭ، ئاكاڭ زاڭلىق قىپ قالمىسۇن يەنە؟

ــ كىم مېنى چوڭ بولدى دەيدۇ؟ مەن تېخى كىچىك بالا جۇمۇ، ھە ئاكا؟

مەن ئۇنىڭ ھەيران قويدۇم، بۇنداق چاغدا مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن قوزغالدىم. ئانىسى ئالدىمغا ئۆتۈپ مېنى توسۇدى.

ــ نەگە ئالدىرايسەن بالام، ئەمدى بىر دەم ئولتۇر، چەينەككە تۇخۇم سالدىم، زاماتتا قاينايدۇ. قىزىقىدا ئىككىنى سويۇپ يېگىن.

ــ بولدى قايتاي ئاچا، كەچ بولۇپ قالدى.

ــ نېمىگە ئالدىرايسەن؟ مۇنچىلىك كەلمىگۈڭمۇ ئوڭاي ئەمەسقۇ.

ــ شۇنداق، ئاكا بىر دەم ئولتۇرە، مەنمۇ سېنى ماڭغۇزمايمەن.

ئۇ قولۇمغا چىڭ ئېسىلىپ تارتقانچە قايتا ئولتۇرغۇزدى. مەنمۇ نېمىشقىدۇر تارتىنشقۇم كەلمەي كۆرپىگە كاسامنى قويدۇم. مەن ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىپ ئاندىن چەينەككە چاي دەملەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئالقانلىرى شۇنچە ئىسسىق، شۇنچە نازۇك ـ يۇمران...

تۇخۇم پىشقاندا ئۇ مەن بىلەن ئويىنىشىپ تۇخۇم سوقۇشتۇرۇشقا باشلىدى. تۇخۇمى ئېزىلىپ كەتسە چىدىماي خەقش قىلىپ تۇرۇۋېلىپ يەنە بىرىنى ئالاتتى. يەنە ئېزىلىپ كەتسە قايتىدىن يەنە بىرنى ئېلىۋالاتتى. ئانىسىنىڭ «قوي، تۇخۇمنىڭ ھەممىنى ئېزىۋەتتىڭ، ئاچاڭغا ئالغاچ بارىدۇ» دېيىشىگە پەرۋامۇ قىلماي ھەدەپ ئويۇن چىقىرىپ ـ شوخلىنىپ پۈتۈن تۇخۇمنى سوقۇشتۇرۇپ بولدى. يوغان بىر تۇخۇمنى ئاغزىغا پۈتۈن سېلىۋېلىپ چاينىيالماي كۈلۈپ تاشلاپ داستىخاننىڭ ھەممە يېرىگە، ھەتتا كىيىملىرىمىزگىمۇ تۇخۇم پۇرقۇۋەتتى. ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك قىلىقلىرىغا ھەممىمىز كۈلەتتۇق. ئۆي ئىچى خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمۈلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ گۆدەكلەرچە قىلىقلىرىغا مەستلىكىم كېلىپ ئۇنىڭغا تويماي قاراۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ قالغىنىنى سەزدىم. ئۇ بولسا ھە دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئارىلىقتا ئۇ كۈلگەچ كۆزلىرىنى بىلىندۇرمەي سۈرتۈۋەتتى.

بىزنى خۇشال قىلىۋەتكەن بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلار ئەمدى ئاخىرلىشىشقا باشلىغانىدى. ۋاقىت بىر يەرگە بارغاچقا مەن قىيالمىغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئانىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

ــ ئانا، ماڭە ئاكامنى ئۇزىتىپ كىرىمىز، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭ قەستەن مەن بىلەن قېرىشىۋاتقىنىنى سېزىپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنغاندەك قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدىم. ئۇ ماڭا يېقىن ماڭغاچ بىر قولۇمغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى.

ــ ئاكا، سېنى كەچتە ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، خاپا بولمىغىن ـ ھە؟ مانى ئاچامغا ئالغاچ بارغىن.

ئۇ شۇنداق دېگەچ قولىدىكى سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان تۇخۇملارنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

ــ ھەممىنى چىقىپ رەسۋا قىلدىڭ، ئەمدى ئاپارسا سەت تۇرمامدۇ ؟ــ دېدى ئانىسى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ.

ــ بەربىر چىقىپ يەيدىغۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچام ھەرگىز مەندىن خاپا بولمايدۇ، ئاچام بەك ياخشى! شۇنداقمۇ ئاكا ؟

مەن ئۈندىمىدىم، ئۇلار مېنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى.

مەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ بۈگۈنكى قىلىقلىرى پەقەت كۆز ئالدىمدىن نېرى بولماي يۈرىكىم قىزىپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز يانفونۇم يەنە قولۇمغا چىقىپ قالدى.

ــ «ساڭا بىر شېئىر يوللاپ بېرەيمۇ ؟»

ــ «شائىر بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ئاكا؟ مەيلى، يوللاپ باقە قېنى.»

ــ «سېغىنغاندا يوللىرىڭغا قارىغان،
سېغىندۇرغان نازىنىڭ ماڭا يارىغان.
ئاكام دېسەڭ نازۇك، تاتلىق ئۈن بىلەن،
يۈرىكىمگە ئىللىق سېزىم تارىغان.»

— «يەنە بارمۇ ؟»

— «يۈرىكىمگە ئىللىق سېزىم تارىغان،
تارىغىنى يۈرەك سېنى مارىغان.
سېغىنىم دېسەم مەنمۇ سېنى ئېغىزدا،
يۈرەك سېنى مەشۇقۇم دەپ قارىغان...»

— «بۇنى قەيەردىن كۆچۈرۈۋالدىڭ ؟»

— «ئۆزۈم يازدىم.»

— «ئىشەنمەيمەن، سەن بۇنچىلىك نەرسىنى قاملاشتۇرالىساڭ پاقا تېرەككە چىقار؟!...»

— «راستلا ئۆزۈم يازدىم، يازغىنىمنىڭ ھەممىسى يۈرىكىمدىكى گەپلەر، ماڭا ئىشەن.»

قايتا جاۋاب كەلمىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچۈر يېزىپ يوللىغان بولساممۇ جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن تېلېفون ئۇردۇم. ئۇ يانفوننى ئېتىپ قويۇپتۇ. خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇم كەلمەي ئۇھسىنىپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. تاڭ ئاتقاندا ئورنۇمدىن تۇرسام ئېغىزىم بەتتەم بولۇپ، باشلىرىم ۋاڭشىپ ئاغرىپ تۇرىدۇ. كۆڭلۈم تاماقمۇ تارتمايدۇ. ئايالىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ زورلاشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. ئەتىگەندىلا ئۇ يەنە كاللامغا كىرىۋالغىنى كىرىۋالغان. كەچتىكى ئويۇن ـ چاقچاقلىرىمىز بىر ـ بىرلەپ يادىمدىن كېچىپ، تۇتقان ـ قويغىنىمنىڭ تايىنى يوقلا مەدىرلاپ يۈرسەم تۇيۇقسىزلا دەرۋازىدىن ئۇ بۇلۇتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان كۈنگە ئوخشاش پەيدا بولۇپ كىرىپ قالدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ھولۇقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ چىقىپتۇ. ئانارنىڭ دانىسىدەك يۈزلىرى تاتىرىپ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن ھالدا كىرگىنىدىن بىر شۇملۇقنى كۆڭلۈم تۇيۇپ يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە شوخلۇق قىلىپ سالاملاشماستىن ئاستاغىنە ئايالىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەڭزىنى يېقىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ماڭا قىيا قاراپ سۇسقىنە سالاملاشتى.

— ئاچا، مەن بۈگۈن يەنە ناھىيەگە ماڭىمەن. شۇڭا سەن بىلەن خوشلىشىپ كېتەي دەپ كىردىم. كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار. ئاچا، ئاكام مېنى بېكەتكە يەتكۈزۈپ قويالامدۇ؟

— ئەلۋەتتە يەتكۈزۈپ قويىدۇ، بۈگۈن نېمانداق سىرلىق بولۇپ قالدىڭ؟ خۇددى كەلمەسكە كېتىۋاتقاندەك خوشلىشىپ كەتكىنىڭنى قارا؟ ساڭا زادى نېمە ئىش بولدى؟ــ سورىدى ئايالىم ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ.

— ساڭا كېيىن دەپ بېرەي ئاچا، مەن ھازىر بەك ئالدىراپ قالدىم. خوش، ياخشى قال.

ئۇ موتوسىكلىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەندىن كېيىن مەن موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇردۇم. ئۇنى بېكەتتىكە ئاپىرىپ قويۇشتەك بۇ «كۆڭۈللۈك ۋەزىپە»دىن چەكسىز خۇشال بولۇۋاتقان بولسامۇ ئۇنىڭ ناھىيەگە قايتا بارماقچى بولغىنىدىن، ھازىرقى كەيپىياتىدىن كۆڭلۈم غەش بولاتتى. بىز چوڭ يولغا چىققاندا ئۇنىڭدىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدىم.

— نېمە بولدۇڭ ؟ نېمىشقا كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

— بەزى گەپلەرنى بۇ خەتكە يېزىپ قويدۇم ئاكا. ھېلى ئوقۇپ باقارسەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كىچىككىنە قول سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— گاچا بولمىغاندىن كېيىن ئۆز ئاغزىڭ بىلەنلا دېمەمسەن، خەت يېزىپ يۈرگىچە ؟

— ئەڭ ياخشىسى خەتنى ئوقۇغىن ئاكا.

چوڭ يول بولغاچقا، شۇنداقلا ئاخشامقى ئەھۋال كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ، ھەم خىجىل بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆزلىششكە بېئەپ ھېس قىلىپ قايتا ئېغىز ئاچالمىدىم. بىر يەرگە كېلىپ قالساق چاقچاقلىشىپ، گەپ تالىشىپ ئېچىلىپ كېتىدىغانلار مانا ئەمدىلىكتە ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك ياتسىراشقان جىمجىتلىق ئىچىدە يېزىنىڭ ماشىنا توختايدىغان كىچىك بېكىتىگە تېزلا كەپ قالدۇق. ئۇ مەن بىلەن سۇس ۋە قىسقىلا خوشلاشقاندىن كېيىن ماشىنىغا چىقتى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سىرلىق بىلىنگەن قېلىن كونۋېرتنى مۇجۇقلاپ شوتىغا پۇت ئالدىم ـ دە، ئاستاغىنە ئۆگزىگە چىقتىم. ئاندىن بەدەشقان قۇرغىنىمچە ئولتۇرۇپ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم.

خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا، بۇ خەتنى، ئالدىرىماي، تولۇق ئوقۇپ چىقارسەن.*

*ئاكا، مەن يېقىندىن بېرى سەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىپ يۈرگەن ئىدىم. دەسلەپ سېنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلەڭنى ماڭا بولغان ئاكا ـ سىڭىللىق ئامراقلىق، دەپ چۈشەنگەن ئىدىم ۋە مەڭگۈ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلارىدىم. ئەمما مەن خاتالىشىپتىمەن. مېنىڭ ئەڭ ئامراق ئاچامنىڭ يولدىشى، مېنىڭ ئەڭ ئامراق ئاكام ماڭا چەكتىن ئاشقان مۇئامىلىدە بولۇۋېتىپتۇ. مەن بۇنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتىم. چۈنكى مەنمۇ چوڭ بولدۇم ـ دە! مەن ئەسلى سېنى بىر قورساق ئۆز ئاكامدەك يېقىن بىلىپ كەلگەن، بىر قورساق ئاچام بولمىغىنى ئۈچۈن ئاچامنى ئۆز ئاچامدىن چارە بىلىپ كەلگەن. ئەمما بۇنداق كۈن ماڭا ئۆزۈڭ نېسىپ بولمىدى! سېنىڭ ئادەمنى تەمتىرىتىدىغان سىرلىق قاراشلىرىڭ، مەنىلىك سۆز ـ ھەرىكىتىڭ، ھەددىدىن*

زىيادە يېقىن مۇئامىلەڭ مېنى بەك قورقۇتۇپ كەلگىلى ئۇزاق بولدى. دەسلەپ سېنى توختاپ قالارمىكىن دەپ بىلمەسكە سېلىپ پەرۋاسىز يۈرگەن ئىدىم. بىراق سەن ھازىر توسۇۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئىچكىرىلەپ كەتتىڭ. بۇ ئىچكىرىلەش ھازىر سەندە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى بىر كىم ھازىرقى يولۇڭدىن يان دېسىمۇ يانالمايسەن !

ئاكا، مەن ئاچامنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن. سېنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق ياخشى كۆرۈش مېنىڭ خىيالىمدىكىدەك بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە؟! ئەمما ئۇنداق بولمىدى! سەن بەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتىڭ. ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتىڭ!! ئاخشام بىراقلا ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىدىڭ. لېكىن مەن چاندۇرمىدىم ھەم ساڭا پۇرسەت بەرمىدىم. سەن ئاچامغا مۇشۇنداق ئازار بەرسەڭ بولامدۇ؟ ئاچام ھېچنەرسىنى بىلمەي يۈرسە، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ قىلغان - ئەتكىنىڭنى يوشۇرۇپ يۈرسەڭ توغرا بولامدۇ؟ بۇنداق تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ ئاچاممۇ مەڭگۈ بىلمەي، سەنمۇ مەڭگۈ بىلگۈرمەي يۈرەلەمسىلەر؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، سېنىڭ ئاچامغا بولغان ساداقىتىڭ شۇنچىلىكمىدى؟

ئاكا، مەندىن خاپا بولما، سېنى ھازىرقى ئويۇڭدىن ئاچاممۇ توسۇيالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئاخشامقى ئەپتىڭدىن قارىسام سەن ئەقلىڭنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىدە مەجنۇن بولۇپ كېتىپسەن. ئەسەبىيلىشىپسەن. سېنى كىم توسۇيالار؟ كىم مېنى، سېنى ئاچامنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇشتىن، ئىشەنچسىز قىلىشتىن ئارىچىلاپ قالالار ؟

مەن كېچىچە ئويلاندىم، يوتقانغا بېشىمنى تىقىۋېلىپ يىغلىدىم، پەقەت ياخشى ئامال تاپالمىدىم. ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئامال پەقەت دەل ۋاقتىدا بەدەل تۆلەشتىن ئىبارەت بولدى. مەن بىر قارارغا كەلگەن بۇ تەڭسىز چارە ھەر ئىككىمىزنى تەڭرى ئالدىدىكى، بەندە ئالدىدىكى، بولۇپمۇ ئامراق ئاچام ئالدىدىكى ئېغىر گۇناھتىن ئارىچىلاپ قالىدۇ.

ئاكا، مەن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، مەن ئەمدى ناھىيە بازىرىدىكى قاسساپ تۇغقىنىمىزغا ياتلىق بولىمەن. شۇندىلا سەنمۇ ئەمدى ئاچامغا ئازار بەرمەيسەن، ھېچبولمىسا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن تەپ تارتىپ بولسىمۇ ئاچامغا ئازار بەرمەيسەن، توغرىمۇ؟

مەن بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ قارارىمنى ئانامغا ئېيتقاندا ئانام سىلەردىن بەكلا خۇش بولۇپ سىلەرگە ئۇزاق دۇئا قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ كەتتى. ئۇ «ئاكاڭ بىلەن ئاچاڭ ساڭا نەسىھەت قىپتۇ - دە؟ سەن پەقەت ئاچاڭ بىلەن ئاكاڭنىڭلا گېپىنى ئاڭلايسەن. ئۇلار نەسىھەت قىلمىغان بولسا سېنى ھەرگىز ماقۇل دېگۈزەلمەيتتىم. ئاكاڭ بىلەن ئاچاڭغا خۇدايىم تەلەپ قىلغىنىنى بېرەر ئىلاھىم، ئىككىسى قېرىغۇچە ئايرىلماي تەڭ گۈللەپ - ياشنىسۇن!» دەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلاپ دۇئا قىلىپ كەتتى. ئويلاپ باقە ئاكا، ئانام ساڭا شۇنداق چوڭ ئىشىنىپ دۇئا قىلىۋاتقاندا سەن ئاخشامقىدەك ئوي - خىيالدا بولساڭ بولامدۇ؟ ئاچام ماڭا تاغدەك ئىشىنىدىغان ياخشى قىز تۇرسا مەن ئاچامنى ئۈمىدسىز قالدۇرسام دۇرۇس بولامدۇ؟ بىز خۇدانىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولمايمىزمۇ؟

ئاكا، مەن سېنى ماڭا قىلدىڭ دەپ ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن. پەقەت ئاچامنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى كۆرسەم پېغانلىرىم بېسىلىپ قالار. ئۆزۈم قارار قىلغان تۇرمۇشقا ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالارمەن.

ئاكا، ئاچامنى ئاسرىغىن. ئۇنىڭغا ئەمدى ئازار بەرمىگىن! شۇنداق قىلساڭ مەن سېنى ئۆمۈرۋايەت سېغىنىمەن، ئاكام دەپ ياخشى كۆرىمەن. بىز گەرچە يېقىن تۇغقان بولمىساقمۇ يەنىلا ئامراق ئاكا - سىڭىل، ئاچا - سىڭىل بولۇپ قېلىۋېرەيلى. مەن يەنىلا ئاچام بىلەن، سەن بىلەن بۇرۇنقىدەك ئامراق بولۇپ غەمسىز، غۇبارسىز ئوينىشىپ ئۆتتۈشنى خالايمەن. ئاچام بەك ئاق كۆڭۈل، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئالدانغىنىنى، ئەخمەق قىلىنغىنىنى بىلسە مەنمۇ سېنى كەچۈرمەيمەن! يۈزۈڭگە تىكىلىپ ئۆرە قارىمايمەن.

خەير، ئامان بولغىن ئاكا، تويۇمدا ئاچام بىلەن بىرگە بېرىشنى ئۇنۇتمىغىن.

سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈپ:

ئۇكاڭ.»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتقۇم كەلدى. بۇ ــ ئۇھ تارتىشقىمۇ، ھەسرەتلىنىشكىمۇ، ئېسەدەشكىمۇ ئوخشىمايتتى. بېشىمنى تۆۋەن سالغان پېتىم ئولتۇرۇپ كەتتىم. شۇ ئارىلىقتا ھويلىدىن ئاڭلانغان تاراق - تۇرۇق ئاۋاز دىققىتىمنى تارتتى. بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىسام ئايالىم لىققىدە توپا ئۇسۇلغان يوغان تۆمۈر غالتەكنى باشقۇرالماي تەستە ھەيدەپ ئېغىلغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقانىكەن. ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرىم نەملىشىپ بوغۇزۇم ئېچىشقاندەك بولۇپ شوتىدىن سەكرەپ چۈشكەنچە تۇۋلىدىم.

ــ توختا، غالتەكنى قوي، مەن ئەكىرىپ بېرەي...

---

ئاپتور؛ قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان.




## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ماھىيەت ئەقىلنىڭ بۇيۇكلۇككە كۆتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇنىيەت ماھىيەتنىڭ ئايدىڭ بولۇشىنى ئاساس قىلىدۇ.

▲ «ئاددىي ئىشلارغا سەل قارىماسلىق، مۇرەككەپ ئىشلارنى يوك قىلىۋالماسلىق، يوق ئىشلارنى ئويدۇرۇپ چىقماسلىق، مەۋجۇتلۇقنى ئىنكار قىلماسلىق» دەل مېڭىنى چارچاتماسلىقنىڭ ئۇنۇملۇك داۋاسىدۇر.

▲ ئادەم ئىسمىمۇ بىر ماركا. مەقسەت قانداق قىلىپ بۇ ماركىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش ۋە تونۇتۇش.

ــخالمۇرات ئابلا (ئۆزلۈك)

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيەسىدىن

### تەپەككۇر كۆزى

▲ باراۋەرلىك بېسىم بىلەن ئەمەس، سەممىيەت بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

▲ مېھماننىڭ كۆزى ئۆيگە چۈشسە، ئۆي ئىگىسى يات كۆرۈنىدۇ.

▲ تۆۋرۈككە قۇرت چۈشسە، ئايۋانغا قۇش ئۆگىنەر.

▲ بەدەلسىز ئامەتنىڭ ئاپىتى يامان.

▲ سۆزنىڭ يالغانلىقى چىرايىدىن چانمىغىنى بىلەن، ھەرىكىتىدىن چانىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ ھاياسى ئوغۇللارنىڭ ۋاپاسىغا موھتاجدۇر.

▲ شەرم ھايا ئۈچۈن جاندىن كېچىش شەرەپلىكتۇر، جان ئۈچۈن شەرم ھايادىن كېچىش شەرمەندىلىكتۇر.

▲ نومۇس كۈچى ئەخلاقنىڭ ھىمايىچىسى.

▲ ئوغلۇڭنى ياخشى تەربىيەلىسەڭ ئىزىڭ ئۆچمەيدۇ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيەلىسەڭ كۆلۈڭ كۆچمەيدۇ.

▲ ئوغۇل جەمەتنىڭ تۈۋرۈكى بولسا، قىز جەمەتنىڭ يۈرىكى.

▲ مىللەتنىڭ يىلتىزى ئانىلار باغرىدا شاخلايدۇ، ئاتىلار ئەجرىدە مېۋە بېرىدۇ.

▲ ئېپىتىنى ساقلاشنى بىلگەن قىز ئوغۇللار ئالدىدا مەڭگۈ غالىب.

▲ يىگىتنىڭ تاشلىۋېتىشىدىن قورققان قىز يىگىتكە

تېنىنى ئەمەس، قەلبىنى ئامانەت قويۇشى كېرەك.

▲ سۆيۈشكە ئالدىرىغاننىڭ كۆيگىنى يالغان.

▲ يىگىتنىڭ كۆزۈڭگە قارىسا يەرگە باق، لېۋىڭگە تەلمۈرسە كەتكىن تاق.

▲ مۇھەببەت ــ ئۇلۇغ بىر گۈلخان، چىن ئاشىقلار گۈلخاننىڭ تەكتىدە تاۋلىنىدۇ، ساختا ئاشىقلار «كۆيۈپ» كۈلگە ئايلىنىدۇ.

▲ پاداڭنى جاڭگالدا باق، بالاڭنى جاڭگالدا.

▲ قىزلار كۆيدۈرۈشكە، ئوغۇللار كۆيۈشكە موھتاج، ئورنى ئالماشسا قىممىتى يوقايدۇ.

▲ قىز ھاياسى بىلەن ئانىنى سۆيۈندۈرسە، ۋاپاسى بىلەن ئاتىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

▲ مۇھەببەت ــ ھايا بىغىدا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈل.

▲ شەرم ـ ھايانى تەرك ئەتكەن قىزلار ھالاكەت دېڭىزىدا ئازابنى نىشانلاپ ئۈزۈۋاتقان بېلىقلاردۇر.

▲ ساڭا غەرەزلىك ياردەم قىلغانلار كىچىككىنە نەپ ئالدىدا سېنى دۈشمىنىڭگە سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

▲ ئادەم ــ ھەقىقەتتۇر، روھ ــ ماھىيەتتۇر.

▲ تەقدىر ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس.

▲ تەپەككۇردا ئۆزۈڭدىن ھالقىمىغۇچە دۇنيا ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايسەن.

▲ نەپسىڭ (پايداڭ) ئۈچۈن شەيتان بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، زىيىنىڭ ئۈچۈن خۇداغا نالە قىلامسەن؟

▲سەۋر قىل ھەم ئىشىڭنىڭ يولىنى قىل.

▲ شامال چىقمىسىمۇ لىڭشىيدىغان دەرەخلەر شۇملۇق چىللايدۇ.

▲ دۈشمىنىڭگە بىر قەدەم يول بەرسەڭ يوقىلىشقا يۈز قەدەم يېقىنلىشىسەن.

▲ قارانىيەت گۈزەل بولسا ھۆسنى ئۇنىڭ زەھەر تامغان، گۈزەل قارانىيەت بولسا گۈزەللىكى تامام يالغان.

▲ توغرا يولنىڭ جاپاسى تولا، راھىتى چەكسىز. ئەگرى يولنىڭ جاپاسى ئاز، ھالاۋىتى ئىشەنچسىز.

▲ تىزلىنىش ۋە ئېگىلىش ئامالسىزلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىرادىسىزلىكتىن.

▲ باتۇر باتۇرلۇقى بىلەن ياشايدۇ، قورقۇنچاق قورقۇنچى بىلەن ئۆلىدۇ.

▲ ئىنسان ئەقلىدىن ئازسا شەيتانغا ئايلىنىپ ئىبلىسقا قۇل بولىدۇ.

▲ نانغا قۇل بولغان نان كوچۇكى، جانغا قۇل بولغان جان كوچۇكى، ھەر ئىككىلىسى ئادەملەرنىڭ پۇچىكى.

▲ قوغدىنىش ــ قوغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن.

▲ ئەرلەر ئاياللارنىڭ پاكلىقىنى ئىزدىسە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ مەردلىكىنى ئىزدەيدۇ.

▲ كۆرەشكە ئاتلانغاندا ئۆلۈمنى قەتئىي ئويلىما، دۈشمەننىڭ ئەجىلىنى ئۆزۈڭگە چىللىما.

▲ قەددىڭنى شۇنداق كۆتۈرگىنكى، سېنىڭ بېشىڭنىڭ ئېگىزلىكىدىن دۈشمىنىڭ ئەتىنىڭ جامالىنى كۆرەلمىسۇن، دۈشمەنلىك قىلىشقىلا ئەمەس، ساڭا ئۆچمەنلىك ساقلاشقىمۇ پېتىنالمىسۇن.

▲ ئۆلۈم قىسمىتى بىلەن قورقۇنچلۇق بولسا، ھېكمىتى بىلەن قەدىرلىك.

▲ تېنىڭ بىلەن روھىڭدا بىرلىك بولمىسا، سەن مەڭگۈ ئۆزۈڭ ئۈچۈن يات.

ــ ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغاچى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

▲ نىشانسىز ئادەم جۇۋازخانىدىكى ئېشەككە ئوخشايدۇ، ئۇ دائىم مەقسەتسىزلا ھەرىكەت قىلىدۇ.

▲ ھايات سېنىڭ ئېتىزلىقىڭغا ئوخشايدۇ. زىرائىتىڭنىڭ ئوخشاش ـ ئوخشىماسلىقى سەن تۆككەن تەرگە باغلىق.

ــ خالمۇرات تۇرسۇن ئېلى ئوغلانى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىيولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئىلمى فاكۇلتېتى جۇغراپىيە ئىلمى 2008 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەن سېنىڭ سۆيگۈڭگە قانمىدىم دۇنيا

▲ بىز باشقىلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا شۇنچە ئىشىنىمىز، نېمىشقا ئۆزىمىزگە شۇنچە ئىشەنمەيدىغاندىمىز، بۇ ئۆزىمىزنى يوقىتىشىمىزدىنمۇ ياكى ھەقىقىي ئورنىمىزنى بايقىيالمىغاندىنمۇ؟

▲ ھەقىقىي ئۆزۈڭ بولغان چاغدا ھەقىقىي ئۆزۈڭنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلەلەيسەن. شۇڭا ئۆزۈڭ بولۇپ ياشا، باشقىلارنى دورىما، مايمۇنغا ئوخشاپ قالسەن، ئۇلارسېنى قەپەسكە سېلىپ ئويۇن كۆرستىشكە سالىدۇ.

▲ ياخشى سۆزلەرنى قىلالىشىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلالىشىڭدىن دېرەك بېرەلمىسىمۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشىڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىشىڭدىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر سوئال ئۆزۈڭ ھەققىدىكى سوئالدۇر.

▲ ئەڭ رەزىل كىشى ئاتىسىدىن تانغان، ئەڭ پەسكەش كىشى ئانىغا يانغان كىشىدۇر.

▲ بىرى تۆھمەتخور بىلەن، يەنە بىرى ھەسەتخور بىلەن دوست بولما.

▲ ئىككى كىشىدىن ھەزەر ئەيلە، بىرى جىمغۇردىن يەنە بىرى جېدەلخوردىن.

▲ ئەڭ قىيىن ئىش نادان بىلەن بىللە ئۆتمەك.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە 3- ئاھالىلەر كومىتېتىدىن

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ كۈلۈپ تۇرۇپ قىلغان ھاقارەتنىڭ نەشتىرى ھەرنىڭ نەشتىرىدىنمۇ يامان.

▲ بىر ئادەمنىڭ ساپاسى، ئۇنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدە نامايان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئېتائەت ئېڭىدا نامايان بولىدۇ.

▲ تەپەككۇر قازىنىم دائىم قايناپ تۇرسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭغا ئوت قالاشنى ئۇنتۇپ قالما.

▲ يولۋاسنىڭمۇ ئۆۋنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. بىر تامچە سۇنىڭ خاسىيىتىمۇ شۇنچىلىك ئۇلۇغ!

▲ رىقابەت ۋە ئىقتىساد كەسكىنلەشكەن جەمئىيەتتە، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ساداقەتمەنلىك سۇسلىشىدۇ.

▲ سەن بىر قاچا تاماقنى خاتىرجەم يەۋاتقىنىڭدا، يەنە قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ بىر چىشلەم نان ئۈچۈن شۇنچىلىك زار بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قوي.

— روزمەمەت نىزام

ئاپتور: سۇيدۇڭ ناھىيە خالىيا مەركىزىي مەكتەپتە

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ رەزىللىك نەپسى بالالىقتىن باشلىنىدۇ.

▲ نادانلار ئۆزى ئۈچۈن، ئاقىللار كىشى ئۈچۈن قەدەم باسىدۇ.

▲ ئاچچىقنىڭ يېشى بۇرۇن، تاتلىقنىڭ كېيىن چىقىدۇ.

▲ دوست — سەپەردە، دۈشمەن — خەتەردە، يار — زەپەردە سىنىلىدۇ.

▲ مۇھەببەت بىلەن ئېرىگەن كۆڭۈل، نەپرەت بىلەن قاتىدۇ.

▲ ھەييار ئادەم — كىشىنىڭ ھەققىگە تەييار ئادەمدۇر.

▲ سېنىڭ ئالدىڭدا دوست ئۆزىنى، دۈشمەن سېنى تۆۋەن كۆرۈش بىلەن پەرقلىنىدۇ.

▲ نادانلار ئالدىدا ئۈچ نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ. بىرى ئىلىم - ھېكمەت ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ، بىرى ئىنسانىي قەدرى - قىممەت ۋە ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ، يەنە بىرى مېھرى - مۇھەببەت ۋە ئەھدە - ۋاپانىڭ.

▲ سۆيگىنىڭ نادان بولسا ئاققىنىڭ دەريا، كۆيگىنىڭ تونۇر بولىدۇ.

▲ بىكارچىلىق — يانچۇقنى تېشىدۇ، ئۇ چوڭايسا تامنى تېشىدۇ، ئۇمۇ چوڭايسا جاننى تېشىدۇ.

▲ دوستۇڭ ئالدىراڭغۇ، پالاكەت بولسا ئۇنىڭ شالتىقى سېنى يېقىتىدۇ.

▲ ئاغرىقنى يارا بولغاندا، ھەقىقەتنى خار بولغاندا بىلىسەن.

▲ ھەقىقەت ئاشكارىلانمىغان يەردە ياخشى بىلەن يامان پەرقلەنمەي ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ماختىغىنى بىرگە ئاڭلانسا، كىشىنىڭ ماختىغىنى مىڭغا ئاڭلىنىدۇ.

▲ باھانىسى كۆپ ئادەم چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

▲ ناداندىن دوستۇڭ بولسا پىيازنىڭ پوستىدەك سويۇلىسەن.

▲ گۈزەل ئارزۇغا ئەڭ ئاچچىق ھايات يولى بىلەن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى، داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا «مەھمۇد» ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدىن

## تەنھا ئويلار

▲ بىكارلىق كەلگەن ئاش — تاماق قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، يۈزۈڭنى پارقىراتسىمۇ ئەمما تىلىڭنى قىسىدۇ.

▲ باشقىلار بىلگەننى سەنمۇ بىلگەن چېغىڭدىلا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ قالمايسەن.

▲ تاقەت قىلالماسلىق كۆپىنچە ھاللاردا مەھرۇملۇق بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

ئاپتور: جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدىن

▲ چېقىمچى ـ ئىككى يېقىن دوستنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ياندا تۇرۇپ ئويۇن كۆرگۈچى.

▲ ئۆسەك سۆز، پىتنە-پاسات نادانلىق ۋە بىكارچىلىقتىن كېلىدۇ.

▲ ئۆزگىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سۆزلىگىنىڭدە، ئۇلارنىڭمۇ سېنىڭ يېتەرسىز تەرىپىڭگە قاراۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قوي.

ـ مۇھەممەت توختى

ئاپتور: بايىنغولىن ئوبلاست لوپنۇر ناھىيەلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپتىن

---

▲ تەپەككۇرىڭىز قانچە چوڭقۇر بولسا، مەۋجۇتلۇقىڭىز شۇنچە نۇرلۇق بولىدۇ.

▲ دۇنيادا كېرەكسىز نەرسە يوق، پەقەت ئۇنى كېرەككە كەلتۈرىدىغان تەدبىر بولسىلا.

ـ ۋەلى ئېلى

ئاپتور: پىچان ناھىيە ج خ ئىدارىسى قاتناش چوڭ ئەترىتى چىقتىم ئوتتۇرا ئەترىتىدىن

## «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە-ھونولولۇ خىياللىرى»دىن جەۋھەرلەر

▲ ئۆزلۈك ـ ئۆزىمىزنىڭ نەزىرىدە، باشقىلارنىڭ كۆزىدە ۋە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە كىم ئىكەنلىكىمىز ھەققىدىكى نىسپىي، مۇقىم بولغان تونۇشىمىزدۇر.

▲ ئۈمىد بەختسىز ئادەمنىڭ ئىككىنچى يۈرىكى.

▲ يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىش جەريانى يېڭى بىر خىل تەپەككۇر شەكلىنى ئۆگىنىشتۇر.

▲ چۈشكۈنلۈك ئۈمىد بىلەن قوشكېزەك، توغرىراقى ئۈمىدنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىدۇر.

▲ بىر مۇنەۋۋەر زىيالىينىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ئۆزىگە تەۋە بولغان بىلەن، مەنىۋىيىتى ئۆزىگە ھەم ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ بولىدۇ.

▲ قىيىنچىلىقنى، تارىيىۋاتقان ئىمكانىيەتلەرنى باھانە قىلىپ كەينىگە داجىغان، چۈشكۈنلەشكەن زىيالىي ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلغان، پىشمىغان زىيالىيدۇر.

▲ بىر جەمئىيەتتە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ چاكىنىلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى ـ زىيالىيلارنىڭ ئەرزىمەس ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدۇر.

▲ تارىخ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئاددىي خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ئۆز مەقستىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

▲ سۈكۈت ئىچىدە پىكىر قىلىشقا ئامراق ئادەم مەۋجۇت رېئاللىقنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەرىكەتكە خۇشتار ئادەم بولسا بۇ خىل رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدۇ.

▲ تىكەن ئۈنگەن زېمىندىن چىققان سەيياھ-نىڭ قەدىمى ئۇزاققا بارالمايدۇ.

▲ نەزەرىيەدىن قورقۇش ياكى نەزەرىيەدىن قېچىش ـ ئەمەلىيەتتە مىللەتنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى ئۈستۈرۈش ئارزۇسىغا چۈشكەن مىتە.

▲ قەھرىمانلىق، ئىجادچانلىققا مەنبە بولىدىغان مېڭە ھېسسىياتچانلىققا ئورۇن بوشاتقاندا، ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ.

▲ چۈشكۈنلۈك ـ زېرەك ئادەملەر ئۈچۈن يېڭىچە بىر مەنزىل، يېڭىچە بىر نۇر، يېڭى بىر ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

▲ جىق پۇل تاپقانلار قىيىنچىلىقنى ئەڭ جىق يەڭگەنلەردۇر.

▲ ماختاش سادالىرى ـ بىزنىڭ توغرىلاشقا تېگىشلىك پوزىتسىيەمىزگە سېلىنغان ئۇيقۇ دورىسى.

▲ ياخشى ئادەت ـ ئادەمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قامچا؛ ناچار ئادەت ـ ئادەم ئۆزى خالاپ كىرىۋالىدىغان ھەم ئالدىراپ چىقىشنى خالىمايدىغان تۈرمە.

▲ ئەنئەنىۋى ساداقەت يىمىرىلگەن جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى كىشىلەر خالىغانچە تاللايدۇ.

▲ ئادەم مەلۇم بىر مۇھىتتا بىر خىل كىملىككە ئېرىشىپ شۇنىڭغا يارىشا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە غۇرۇرىنى قانداق كىملىككە ئېرىشىشى بەلگىلەپ قويىدۇ.

مەنبە: زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە ـ ھونولۇلۇ خىياللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2011-يىلى 4-ئاي 1-نەشرى

---

توپلىغۇچى: مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر، تەۋپىق مائارىپ تەربىيەلەش مەركىزىدە ئوقۇغۇچى.




# مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇننىڭ

# ھەيكىلى ئورنىتىلدى

2011-يىلى 8-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ شىنجاڭ مۇقام سەنئەت ئۆمىكىدە «تۇردى ئاخۇننىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش ۋە يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم رىياسەتچىلىك قىلدى. مەدەنىيەت نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خەن زىيۇڭ تەبرىك سۆزى قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئازات سۇلتان تۇردى ئاخۇننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى. مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت دەرىجىلىك مۇقام ۋارىسلىرى جۈملىدىن مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر ھەمدە ھەيكەل پىلانلاش يېتەكچىسى غازى ئەھمەد گۇۋاھچى بولدى، دۆلەت دەرىجىلىك مۇقام ۋارىسى ئوسمان ئەمەت بىلەن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما يىڭشىڭ ھەيكەلنىڭ قىزىل يوپۇقىنى ئاستا ئاچقاندا تۇردى ئاخۇننىڭ ئەينەن ئوبرازى، سېھرىي كۈچى ۋە قەددى-قامىتى ھەيكەلنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان مۇراسىم قاتناشقۇچىلىرى ئالدىدا نامايان بولدى.

تۇردى ئاخۇن 1881-يىلى شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئېيتىش ۋە چالغۇ بىلەن چېلىشنى ئۆگىنىپ، بەشىنچى ئەۋلاد مۇقام ۋارىسى بولغان. دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تولۇق چالىدىغان ۋە ئېيتىدىغان بىردىنبىر مەشھۇر مۇقام سەنئىتى ئۇستازى تۇردى ئاخۇن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا گۆھىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى»گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەكەن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، 1954-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1956-يىلى 8-ئاينىڭ 9-كۈنى 75 يېشىدا ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان، كېيىنكىلەر ئۇنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن مۇقام ئۇستازى دەپ ئاتىغان.

مۇقام سەنئىتى ئۇستازى تۇردى ئاخۇننىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش — ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، كېيىنكىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت-ماكانىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇقام ۋارىسلىرى، مۇقام تەتقىقاتچىلىرى، مۇقام سەنئەتكارلىرى ۋە تۇردى ئاخۇننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

— زۇنۇن باقى خەۋىرى

مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى



# تۇردى ئاخۇن ئاكا مىس ھەيكىلىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا

غازى ئەھمەد

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدىغان ئون ئىككى مۇقامغا نەچچە ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭ ـ مېلودىيەلىرىنى ھەم ئوقۇپ، ھەم چېلىپ، ئۇنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كىشى ـ مۇھتەرەم مۇقام سەنئىتى ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىدى. مەلۇمكى، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت يۇرۇشلەشكەن بۇ كاتتا مۇزىكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئورۇنلاش ئۈچۈن 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق مۇزىكىنى ھېچقانداق نوتا ياكى خاتىرىگە قارىماي ئورۇنلاش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان مۇشكۇل ئىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بىر «مۆجىزە» دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئوقۇپ ۋە چېلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەينى چاغدا سىمغا ئېلىنغانىدى. ۋەن تۈگشۇ ئەپەندى ئەنە شۇ سىمغا ئېلىنغان مۇقام مېلودىيەلىرىنى بەش سىزىقلىق نوتىغا خاتىرىلىگەنىدى. ئون ئىككى مۇقامنى ساقلاپ قېلىشتا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تۆھپىسى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا شۇ تۆھپىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشى ئۈچۈن مىس ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇشنى قارار قىلغانىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مىس ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇش لايىھەسى توغرىسىدا مەن بىلەن سۆزلەشكەنىدى. مەن ئاغزاكى ئەمەس، يازما شەكىل بىلەن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىكى لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم:

بىرىنچىدىن، بۇ ھەيكەل ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئەمەس بەلكى مەيدانغا تىكلىنىدىغان بولغاچقا رېئاللىقتا ياشاپ ئۆتكەن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بويى ئېگىزلىكىدە ئەمەس، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بوي ئېگىزلىكىدىن بىر ھەسسە چوڭلۇقتا بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولماي رېئاللىقتىكى ئادەمگە ئوخشاش چوڭلۇقتا بولۇپ قالسا، بۇ ھەيكەل ئادەملەر توپى ئىچىدە كۆزگە چېلىقمايدۇ.

ئىككىنچىدىن بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە ساتارچىلار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ساتارنى سول پۇتىنىڭ يوتىسىغا قويۇپ چېلىش ئادىتى بار. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساتار چالىدىغان ئادەت بولغان ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، بۇ ھەيكەلنى مودېرنىزملىق ياكى ئابستراكتىزملىق ئۇسلۇب بىلەن ئەمەس، رېئالىستىك ئۇسلۇبتا ئىشلەش كېرەك. سەنئەتنىڭ تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ناتۇرالىزملىق ئۇسلۇبتا ئەمەس (كۆز ئالدىمىزدىكى ئوبيېكت قانداق بولسا، شۇ پېتى ئەمەس) بەلكى مۇۋاپىق بەدىئىي مۇبالىغە قىلىش، كېيىملىرىدىكى پۈكلەشلەرنى يىغىنچاقلاپ، ئۇنى قىرلىق ۋە تەكشى بەتلەرئارقىلىق ئىپادىلەپ، تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ھەيكەلنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك مايىلىق لاي قۇرۇلمىسىنى ئىشلەش مۇھىم، كىچىك لايىھە بېكىتىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىي چوڭلۇقتىكى لاي قۇرۇلمىنى ئىشلەشكە يول ئېچىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، مىس ھەيكەل قارا رەڭلىك مەرمەر تاشتىن ياسالغان سۇپا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، چوڭ قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيكەل تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مەسئۇللىرى مەن يېزىپ ئەۋەتكەن لايىھەنى مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ لايىھەگە بىردەك قوشۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن ياشىنىپ قالغاندىم، ئۇنىڭ



ئۈستىگە سالامەتلىكىممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. كىچىك قۇرۇلمىنى ئىشلەشكە كۈچۈم يەتمىسىمۇ چوڭ ھەيكەلنى ياساش يالغۇز ئەقلىي ئەمگەك مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى تەلەپ قىلاتتى. ھەيكەلتىراشلىق كەسپىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىمىز ئىبلشات تىلىۋالدىغا ياردەملىشىپ كىچىك قۇرۇلمىسىنى ئىشلىشىپ بەردىم. ئىلمىي جەمئىيەت باشقىلارغىمۇ لايىھە ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، ئاخىرىدا بىز ئىشلىگەن لايىھە ماقۇللۇقتىن ئۆتۈپتۇ. جەمئىيەتنىڭ بۇ ۋەزىپىنى جاۋ بىياۋ (كىمتاللىنىش ــ مۇھەررىردىن) شەكلى بىلەن ھەل قىلىشى، ئەلبەتتە ھەيكەلنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

دېمەك، كىچىك قۇرۇلما ماقۇللۇقتىن ئۆتتى، ئەمدى ياسماقچى بولغان ھەيكەل بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتىكى لاي قۇرۇلمىنى ياساش ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە ئىدى. چۈنكى بۇ لاي قۇرۇلما ياسالسا، ئۇنىڭدىن قېلىپ ئېلىنىپ شۇ قېلىپتىن چىققان ھەيكەل ئەنە شۇ لاي قۇرۇلما بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولىدۇ. لاي قۇرۇلمىنى ئىشلەشكە بىر يېرىم توننىغا يېقىن سېغىزلاي ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق چوڭ لاي قۇرۇلمىنى بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبلشات تىلىۋالدى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسىي ماھارەت كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، ھەيكەلتىراشلىق ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، شىنجاڭ ھەيكەلتىراشلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارمان مۇھەممەد ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دولقۇن غازى قاتارلىقلارنى بىرلىشىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇندىن باشقا ھەيكەلتىراشلىق كەسپىدە ئوقۇغان ئىككى نەپەر ياش بالىمۇ لايىنى پىششىقلاش قاتارلىق ئىشلارغا قاتناشتى. مەن باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچىلىك قىلدىم. سۆز بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئورۇنلىرىغا ئۆزۈم قول سالدىم. شۇنداق قىلىپ چوڭ لاي قۇرۇلما ئاساسەن قولدىن چىققاندىن كېيىن ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم باشچىلىقىدىكى جەمئىيەت رەھبەرلىرىنى تەييار بولغان لاي قۇرۇلمىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇلارغا قوشۇلۇپ ئىككى نەپەر مۇقام تەتقىقاتچىسى ۋە مۇزىكا مۇتەخەسسىسى ھەمدە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ نەۋرىلىرى بىللە كەلدى. بۇلار تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتارنىڭ پەدىسىنى باسقان بارمىقىنى دەل جايىغا قويۇلمىغانلىقىغا ئوخشاش نۇقسانىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، لاي قۇرۇلمىنى ئەيلىنىپ تەپسىلىي كۆرۈپ رازى بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مۇقام چالغاندىكى ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ ياخشى ئىپادىلەنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنداقتىمۇ يەنە



ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى دەستىلەپ قويۇپ، ئۆزۈم ئۈستىگە چىقىپ، بەزى ئىنچىكە جايلىرىغا قول سالدىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئىلمىي جەمئىيەت باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىمنى يەنە بىر قېتىم چاقىرىپ كۆرسەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن لاي قۇرۇلما ئۇزۇل ـ كېسىل قولدىن چىقىپ، قېلىپ ئېلىش باشلاندى.

بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش لازىمكى: ھەيكەل ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى قاپارتما ھەيكەل، ئۇ بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايدۇ. كۆرۈرمەنلەر بۇنداق ھەيكەلنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىدىن قاراپ ھوزۇرلىنىدۇ. ئىككىنچىسى ئىستېرېئولۇق ھەيكەل، بۇنداق ھەيكەلنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇزۇر ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېرېئولۇق ھەيكەلنى ياسىغاندا، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ كۆركەم بولۇشىنىلا ئەمەس، ھەر قانداق بىر تاماندا تۇرۇپ قارىغاندا، كۆركەم كۆرۈنىدىغان بولۇشىنى ئويلىشىش ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن، ھەيكەلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كەڭ ـ كۇشادە كەلگەن تون چاپىنى ئادەمنىڭ ھەر ئىككى پۇتىنى يېپىۋالسا، ئۇچاغدا ھەيكەل چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكنىڭ قونچى، ئاپقۇرتى، پاشنىسى، ئۆتۈكنىڭ چەمنى ھەتتا پاشنىسىغا قېقىلغان نال قاتارلىقلار روشەن كۆرۈنگەن ھالدا ئىشلەندى. سول پۇتىدىكى ئۆتۈك چەمنىڭ يېرىمى كۆرۈنگەن بولۇپ، يېرىمىنى چاپاننىڭ پېشى يېپىپ تۇرغان قىلىپ ئىشلەندى. بۇ قارىماققا كىچىك مەسىلىدەك كۆرۈنسىمۇ، مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش، چاپاننىڭ ئارقا پېشى ئۆتۈكنى پۈتۈنلەي ئورىۋالغانغا قارىغاندا، جانلىق ۋە مەزمۇنلۇق ھالەت شەكىللىنىدۇ، بولۇپمۇ پاشنىسىغا نال قاققان ئۆتۈكى ئارقىلىقمۇ تۇردى ئاخۇننىڭ ئۇلۇغ مۇقام سەنئىتى ئۇستازى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەتتىكى دېھقان، ئاددىي پۇقرا بولۇشتەك سالاھىيىتىنى دەلىللەيدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدە ئادەتتە مىس ھەيكەلنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە چوقۇم تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن

ئۆتۈش لازىم:

بىرىنچى باسقۇچ، كىچىك لايىھەنى كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلاش لازىم، كىچىك لايىھەگە سادىق بولۇپ، ئۇنى نىسبەت بويىچە چوڭايتىپ لاي قۇرۇلما ياسىلىدۇ. لاي قۇرۇلما ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، لاي قۇرۇلما قانداق بولسا، ھەيكەل شۇنداق چىقىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ، لاي قۇرۇلما قولدىن چىققاندىن كېيىن، بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ گەج قېلىپ ئېلىنىدۇ. گەج قېلىپ قولدىن چىققاندىن كېيىن، لاي قۇرۇلمىنىڭ ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ، گەج قېلىپنى قۇراشتۇرۇپ، ئىچىگە بولگاڭ (ئەينەك پولات سۇيۇقلۇقى ـ مۇھەررىردىن) دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى تېز قاتىدىغان خىمىيىلىك سۇيۇقلۇق قۇيۇلۇپ، قېلىپنى دومىلىتىپ، بۇ خىل سۇيۇقلۇقنى گەج قېلىپ ئىچىدە ئايلاندۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە ئەينەك پولات سۇيۇقلۇقى قېلىپنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ قاتتىق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا گەج قېلىپنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەيدۇ. گەج قېلىپ ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن كۆز ئالدىمىزدا دەسلەپكى لاي قۇرۇلمىغا ئوخشايدىغان بولگاڭ ھەيكەل ئايان بولىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مۇشۇ بولگاڭ ھەيكەلنى خالىغان يەرگە ئورناتسىمۇ بولىدۇ. بىراق بىز تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مىس ھەيكىلىنى ياسىماقچى بولغاچقا يۇقىرىدىكى باسقۇچلارنى ئۆزىمىز تاماملىدۇق. كېيىنكى مىس ھەيكەلنى ياساشنى خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ شەھىرى تاڭشيەن ناھىيەسى جۇنباۋ مىس ھەيكەلچىلىك شىركىتىگە ھاۋالە قىلدۇق.

تۆتىنچى باسقۇچ، مەزكۇر بولگاڭ ھەيكەلنىڭ ئۈستىنى مەخسۇس ماي بىلەن مايلاپ، قاتۇرۇش ئالاھىدىلىكى بار ماتېرىيال ئارىلاشتۇرۇلغان قۇم بىلەن يەنە بىر قېتىم قېلىپ ئېلىنىدۇ. بۇ قېلىپمۇ گەج قېلىپقا ئوخشاش بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ، قۇم قېلىپ بولگاڭ ھەيكەلدىن ئاجرىتىۋېلىنىپ، يەنە ئۆز ئورنى بويىچە قۇراشتۇرۇلىدۇ. ھەممە قۇم قېلىپنىڭ ئىچىگە ئېرىتىلگەن شامنى قۇيۇپ، قېلىپنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئېرىتىلگەن شام قېلىپنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا قېلىپ ئىچىگە قۇيۇلغان شام قېلىپنىڭ ئىچىدىكى بەزى جايلاردا بىر سانتىمېتىر، بەزى جايلاردا 3 ـ 6 مىللىمېتىر قېلىنلىقتا ئورۇن ئېلىپ ئۇيۇپ قالىدۇ.

ئالتىنچى باسقۇچ، شام يالىتىلغان قېلىپنىڭ ئىچىگە مەخسۇس تەييارلانغان قۇم قاچىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن يۇقىرى گرادۇستا ئېرىتىلىپ سۇيۇق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن مىس شامنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ چاغدا شام دەرھال ئېرىپ، سۇيۇق ھالەتكە كېلىپ، مىسقا ئورۇن بوشىتىپ، قېلىپ ئىچىدىكى مەخسۇس قويۇپ قويۇلغان تۆشۈكچىلەردىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. دېمەك، شامنىڭ ئورنىنى مىس ئىگىلەيدۇ. بۇ چاغدا سىرتىدىكى قېلىپنى چىقىرىۋېتىپ، ئىچىگە قاچىلانغان قۇمنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئويلىغان ئىچى كاۋاك مىس ھەيكەل بارلىققا كېلىدۇ.

يەتتىنچى باسقۇچ، ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپلارنىڭ تۇتاشقان جايلىرى ھەمدە شام ئېقىپ چىققان تۆشۈكچىلەرگە ئورۇنلىشىۋالغان مىس گادالىرىنى ئېكەك بىلەن ئېكەكلەپ، قۇم قەغەز بىلەن سىلىقلاپ، ئاخىرىدا پارقىرىتىش ئەسۋابلىرى بىلەن تېخىمۇ سىلىقلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا خالىغان بويىچە رەڭ بېرىلىدۇ.

دېمەك، تۇردى ئاخۇن ئاكا مىس ھەيكىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن باسقۇچلارنىڭ نەتىجىسى. بولگاڭ ھەيكەلنى مىس ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 16 كۈن ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياندا ئېلىشات تىلشۋالدى ئۈستىدە تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نازارەت قىلدى. ھەيكەل ئۈچۈن 500 كىلوگىرامغا يېقىن ساپ مىس ئىشلىتىلدى. ھەيكەلنى لايىھەلەش ۋە ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت كەتتى.

بۇ ھەيكەلدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى شۇكى، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساتارنى تۇتۇپ، بەخىرامان ئولتۇرغان بولماستىن، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا، مۇقامنىڭ گۈزەل مېلودىيەسىگە غەرق بولغان، سول قولىنىڭ سەزگۈر بارماقلىرى ساتارنىڭ پەدىلىرى ئۈستىدە ئەركىن ھەرىكەتلىنىۋاتقان، كامانچە تۇتقان ئوڭ قولى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان بولۇپ، كامانچىنى تار ئۈستىدە ناھايىتى سالماق ۋە لەرزان سۈركەۋاتقانلىقى ئىپادىلەندى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭدا ئۇلۇغ سەنئەتكارغا خاس تەبەسسۇم، ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل ھېسسىيات، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ، ئۈمىد ـ ئارزۇلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا 55 يىل بولدى. لېكىن خەلقىمىز بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر سەنئەت پېشۋاسىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇ ئورۇنلىغان ۋە بىزگە قالدۇرغان مۇقاملار ھەر زامان بىزگە روھىي ئوزۇق، گۈزەللىك ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام يالغۇز بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى، ھەتتا ئۇ دۇنيادىكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» سۈپىتىدە مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلانغۇسى.

---

ئاپتور: ئاتاقلىق رەسسام، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى.




# ئالتۇن زېمىن —
# ئالتاي مەنزىرىلىرى


— ئادىل خالىقجان فوتوسى














مۇقام ۋە ئابىدە



ـ لياڭ لى فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22 定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2011 ـ يىلى 6 ـ سان (ئومۇمىي 312 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۈەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن